

ISSN 1004-1745

# تەڭرىتاغ

TANGRITAG

4
1992



ئەسرلىك مېھەت



رەھمەت سىزگە باغۋەن

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1992 - يىل 4 - سان


## مۇندەرىجە

### «ئۇرۇمچىنى سۆيىمەن» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر


سىناش (ھېكايە) ........................ ئوسمان قادىر 1
قىزىم، مېنى كەچۈرۈڭ (ھېكايە) ..................... مۇرات مەتنىياز 6
كەسىپكە باغلانغان مېھىر (ئەدەبىي ئاخبارات) .............. ئىمىنجان سادىق 9
شېئىرلار ........................ مۇھەممەت روزى 17


### ھېكايىلەر


باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى ........................ خالىق زايىت 18
ئىستېپا ........................ پەرھات ياسىن 85


### شېئىرلار


ھەي بالا ........................ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 23
شېئىرلار ........................ ھوشۇر ئىبراھىم 24


### شېئىر ۋە باھا


كۈتۈش ............ پەرھات ئىلياس، ئوسمانجان ساۋۇت 43
مەن سېنى يادلىغان بۇ ئايسىز كېچە ............ ئەكبەر سالى، باتۇر روزى 44
يىگانە يانتاق ........................ كۆرەش، ئەزىزى 45


### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


مۇھەممەد سالىھ مەتروزى، پەرھات ئىلياس، مۇختار سۈپۈرگى، ئابدۇخېلىل
ئابدۇخېۋىر، ئەكبەر سالى، ئابدۇللا تۇردى، يادىكار، فەيرەت
ئابدۇراخمان، نۇر، مۇھەممەت نۇر، گۈلبوستان ئابدۇقادىر .................. 46


### ماقالىلەر


تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز ............ سەبرى 25

ھازىرقى زامان جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدىكى گۈزەللىك
56 يۈزلىنىشى .................................................. گوۋ دىنپۇ
سىدىق ھاجى تەرجىمىسى
76 «كەكمەنبىر شېئىرلىرى» قول يازمىسىنىڭ ساختىلىقى توغرىسىدا......يالقىيەن
ئىمىن ئەخمىدى، ھەبىبۇللا رىقىپ تەرجىمىسى
102 ئويلىنىش ۋە ئىلگىرىلەش — دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى..................مۇھەممەت پولات

## كىتابلىرىمىز

32 قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر ..................................

## مىكرو ماقالىلەر

94 «تۈگىمەس ناخشا» ھەققىدە تەھلىل..............................ئەخمەتجان ئوسمان
97 شېئىرىيەتتە ئادەم..................................................باتۇر روزى

## جۇڭگو شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

73 «تەرمىلەر» دىن تەرمىلەر ...................................پولات ھېۋزۇللا تەرجىمىسى

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

86 پائۇل ئېلۇيارد شېئىرلىرىدىن ..............................ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

99 قاشا (ھېكايە) .........................................................فېڭ سىن
نەيىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

## چەت ئەل ئەدەبىياتى

89 پاتىمە ............................................................شايىم شاۋايىۋ

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

109 ئەدەبىي ئۇچۇرلار.................................................................

مۇقاۋا 1- بەتتە: ياشلىق. ھېسامىددىن ھاجى فوتوسى
مۇقاۋىدىكى قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.

# سىناش

(ھېكايە)

ئوسمان قادىر

پەزىلەت ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلمىگىنىگە خېلى بولغانىدى. بۈگۈن يەكشەنبە مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ تېخى ئىككى سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا، مالىكنىڭ ئالغىلى ماشىنا ئەكەلگىنىنى ئاڭلاپ خېلىلا جىددىيلەشتى. مالىك ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ-سۆز قىلمايلا ماشىنىنى ھەيدەپ ئۆيىگە راۋان بولدى. مالىك يولدا كېلىۋېتىپ پەزىلەتكە ئىنتايىن پەرىشان ھالدا:

— پەزىلەت سىز بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كۈلپەت چۈشتى. تېخى بىر سائەت ئىلگىرى كامالنىڭ يېنىغا مۇڭدىشىپ چىققاي دەپ كىرسەم، ئەھۋالىڭىزنى سورىسام «ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يەكشەنبە قىلىپ كەتتى» دېدى، ئازراق ئولتۇرۇپ ياناي دەپ تۇرۇشۇمغا كامال تاسادىپىي «ۋاي يۈرىكىم» دەپلا چىرايلىرى سارغىيىپ، گەپمۇ قىلالماي ئۆزگىرىپ قالدى. مەن يۆلەشتۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم، مېنىڭ جان-جىگەر دوستۇم، سىزنىڭ قەدىردانىڭىز كامال بىز بىلەن ۋاقىتسىز مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. ئۇنىڭدا يوشۇرۇن يۈرەك ئاغرىقى بار ئىكەندۇق. باشقا گەپ-سۆز قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى،— دۇ شۇنداق دەپلا ئۆكسۈز يىغلاپ كەتتى. پەزىلەتنىڭ بەدەنلىرى شۈركىنىپ، بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى... پەزىلەتنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى ئەتىگەندە بىللە چاي ئىچىپ، ئۆزىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيدە قالغان ئېرىنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ-سۆزمۇ قىلماي، ھەتتا ۋىدالىشىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتتا ئاق رەخت يېپىلغان ھالدا ياتقان مەرھۇم كامالجاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاش ئۈچۈن جەسەت بار ئۆيگە مېڭىشىغا مالىك ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— سەۋر قىلىڭ پەزىلەت، تەقدىرگە تەن بېرىشىمىز كېرەك، رەھمەتلىكنى تىنچ ياتقىلى قويايلى، ھەممىمىزنىڭ بېشىدا مۇشۇنداق بىر كۈن بار،— دېدى.

پەزىلەت كۆز يېشىنى توختىتالماي يىغلاپ يۈرۈپ ئۆيىنى يىغىشتۇردى ۋە قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرىتىنى ئىككى كۆزىگە يىغىپ، توختاۋسىز سۇدەك ئېقىۋاتقان كۆز يېشى ئارقىلىق ھازا ئېچىپ ئولتۇردى. مالىك يىراق-يېقىنغا خەۋەر بېرىدىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ دوستىغا بولغان

چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۆيگە كىرگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇڭلۇق قوشاق قوشۇپ ھازا ئاچتى.

مالىكىنىڭ بۇنداق تەسىرلىك قوشاق قوشۇپ ھازا ئېچىشى، قولۇم-قوشنا ۋە تۇغقانلارنىڭ كۆز يېشى قىلىشى ھەم ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتقان كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پەزىلەت ئۆزىنى توختىتالمىدى. ئۇمۇ چوڭقۇر سېغىنىش ۋە قايغۇ-ھەسرەت بىلەن:

— بىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىڭىزمۇ كامالجان! ماڭا ئېيتار سۆزىڭىز يوقمىدى كامالجان! ياشلىق باھارىڭىز ۋاقىتسىز غازاڭ بولدىمۇ كامالجان! ماڭا كەلگەن دەرد-ئەلەمگە قانداق چىداي كامالجان... دەپ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ياقىلىرىنى چاك ئېتىپ يىغلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كامالنىڭ ئانىسى مەريەمخان ئاچا، كامالنىڭ ئىنىسى كىبىرنىڭ ئايالى بىلەن چىرايلىرى سارغايغان، پەرىشان ھالدا ئۆيگە كىردىلا:

— ۋاي بالام، جان-جىگەر قوزام، داداڭنىڭ دەردىنى ئاز دەپ بىزنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ قوزام! مېنى بۇنداق دەرد-ئەلەم تارتسۇن دەپ بىزنى پىغان ئىچىگە سالدىڭمۇ بالام! — دەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا پەزىلەت:

— ئاپا! — دەپلا مەريەمخان ئاچىغا ئېسىلدى.

مالىك مەريەمخان ئاچىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى-دە، كامالغا قاراپ قويۇپ كۆڭلىدىكىگە سەممىي ھالدا:

— يىغىنى توختىتايلى، تىنچلىنايلى! — دېدى كامال بار ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ. ئۆي جىمجىتلىققا چۆمدى. كامالنىڭ يۈزىنى ئاستا-ئاستا ئاچتى. كامالنىڭ يۈزىدە تەر تەپچىپ تۇراتتى. ئۇ قولىنى كامالنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپ بېقىپ، تېگىلمىگەن ئېڭەكنى يەشتى... ئۇ ئاستا-ئاستا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا مىدىرلاپ كۆزىنى ئاچتى. ھازا بىردىنلا شادلىققا ئايلاندى. كامالنىڭ «ئۆلۈپ-تىرىلگەنلىكى» ھەققىدىكى بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. كامالدىن ھال-ئەھۋال سوراپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى خېلى كۈنلەرگىچە ئۈزۈلمىدى.

× ×

كامال بىلەن پەزىلەت مالىكىنىڭ تويى بولغان كۈنى تونۇشقانىدى. مالىكىنىڭ تويى ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. توي ئاخشىمى ۋېچىركىدا يوغان زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن كىشىلىك ئۈستەللەردىن يىگىرمىسى قويۇلغان بولۇپ، ئۈستەللەرگە ھەر خىل يېمەكلىكلەر تىزىلغان، مېھمانلار ئىچىدىكى قىز-چوكانلار بىر تەرەپكە، ئەرلەر يەنە بىر تەرەپكە جايلاشتۇرۇلغانىدى. تۆرگە قويۇلغان ئۈستەلگە قىز-يىگىتنىڭ قولداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئالتىدەك ئادەم جايلاشقان. زالنىڭ ئوتتۇرىسى بوش قالدۇرۇلغان. قىز-يىگىت جايلاشقان ئۈستەلنىڭ سول تەرىپىدىكى بۆلۈكتە مۇزىكانتلار جايلاشقان، ئېلېكترونلۇق رويال، تىزما دۇمباق قاتارلىق زامانىۋى سازلار توختىماي چېلىناتتى. سىنئالغۇ ئاپپاراتى كۆتۈرۈۋالغان يىگىت ئايلىنىپ يۈرۈپ لېنتىغا ئالسا، مۇزىكىچىلار ناخشىچىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ توي ۋېچىركىسىنى ئىنتايىن قىزىتىۋەتتى.

ھەر بىر ئۈستەلگە ئارقا-ئارقىدىن سوغۇق سەيلەر ۋە مەززىلىك قورۇلمىلار

قىزدىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر ئۇستەلگە قويۇلغان «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. بەزىلىرى مۇزىكا بىلەن ناخشىدىن بەھرى ئالسا، بەزىلىرى قىزغىن پاراڭ، چاقچاق، مۇڭدىشىشلار بىلەن كەيپ سۈرەتتى.

سورۇننى باشقۇرۇۋاتقان 24 - 25 ياشلاردىكى بەستىلىك، ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، قاپقارا كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان، كۈلگۈنچەك ياشنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغان قېنىق كۈلرەڭ كاستۇم - شىمى ئۇنىڭ بەستىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى. ئۇ مالىكىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، كىچىكىدىن بىرگە ئۆسكەن سىرداش دوستى كامال ئىدى. ئۇ، توي ۋەچىرىكىسىنىڭ تېخىمۇ قىزىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ خۇددى دېڭىزدىكى يەلكەنلىك كېمىدەك لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈشى بىلەن ۋەچىرىكىغا يىگىتتىن جان كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ، شۇنداق سىلىق، شوخ ئوينىدىكى پۈتۈن مەيداندا ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. مالىكىنىڭ ئاكىسى ھاياجانلىنىپ ئون يەنىلىك پۇلدىن تۆتنى پەتنۇس بىلەن كامالنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، مۇزىكىچىلارنىڭ ئالدىغا سۇندى. مۇزىكىچىلار تېخىمۇ شوخ، جەلپ قىلارلىق ناخشا - مۇزىكىلارغا چېلىشقا باشلىدى. كامال ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، قىز قولدىشىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. قىز قولدىشى 20 - 21 ياشلاردا بولۇپ، ئاق يۈزلۈك، ئېلىپتەك بۇرنى، قۇندۇزدەك قاپقارا قاشلىق، مەجنۇنتالدەك بۇدۇر چاچلىرى مۈرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان يۈزىگە ھېچقانداق ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، لەۋلىرىگە گىرىم قىلمىسىمۇ، تەبىئىي چىرايلىق بولۇپ، يۈز تېرىسىدە بىرەر چېكىتتەك داغ يوق سۈزۈك ئاق ئىدى. ئالما ئۇرۇقى شەپىلىك دۇخاۋا كۆڭلىكى ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قوش ئالمىدەك كۆكسى ئۇنى تېخىمۇ گۆدەك كۆرسەتسە، ئاپپاق سەدەپتەك چىشلىرى كۈلگەندە ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتەتتى. كامالنىڭ ئۇسسۇلغا تارتىشى بىلەن قىز شالپىردەك قىزىرىپ كەتتى. باشقا قىزلاردىن بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پەزىلەت ئۇنداق قىلماي ئاسىيەنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئازراق ئويناپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىپ قويۇپ چەتكە چىقىپ قاراپ تۇرغان كامالنىڭ يۈرىكىگە غايىبانە بىر ئوت ئېقىمى ئېقىپ كىرگەندەك يۈزلىرى چىمىرلاپ، يۈرەكلىرى سېلىپ، پەزىلەتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپلا قالدى. پەزىلەت ئازراق ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال ئوتقاشتەك قىزىل يەپەك تاۋاردىن پەزىلەتنىڭ بويىنىغا ياغلىق سېلىپ قويدى. پەزىلەت سورۇندىكىلەرگە تەزىم قىلىپ يۈزىنى ئۇتقان پېتىچە جايىغا ئولتۇرۇۋالدى. ۋەچىرىكلار ئاخىرلىشىپ، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ، مالىك بىلەن ئاسىيەنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە قايتقان بولسىمۇ، پەزىلەتنىڭ گۈزەل سىماسى كامالنىڭ قەلب ئېكرانىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۇ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ، قايسى چاغلاردا كۆزىگە ئۇيقۇنىڭ تورلىرى ئېلىنىشقانلىقىنى سەزمەي ئۇيقۇغا كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ كامالنىڭ قەلبى پەرىزاتتەك

پەزىلەتكە ئۇزلۇكسىز تەلپۈنىدىغان بولدى.

مالىك بىلەن ئاسىيە توي بولۇپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن، تويدا جان كۆيدۈرۈپ ياردەملەشكەن يېقىن دوستلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئۆز خانىسىغا مېھمانغا چاقىردى. كامال بىلەن پەزىلەتمۇ شۇ قاتاردا چاقىرىلدى. ئاسىيە، پەزىلەت بىلەن بىر مەكتەپتە بىللە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى تونۇشتۇردى. بۈگۈنكى بۇ مېھماندارچىلىق كامال ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. كامال ناھايىتى گەپدان، ئايىغى يەڭگىل، شەرەنداز بولۇپ، ھەر قانداق توي - تۆكۈن، مېھماندارچىلىق، نەزىر - چىراغلاردا ساقىلىقنى قولدىن بەرمەيتتى ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئوبدان خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا باشقىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. كىشىلەرنىڭ ياش - تۇرقى، مىجەز - خۇلقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى. شۇنچە گەپدان كامالنىڭ بۈگۈن تىلى قولاشمايتتى. پىيالىسىنى چىشلەپ سەرەڭگە ياققاندا قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. پەزىلەت بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا، كۆز نۇرى ئارىلىق ئوتلۇق بىر ئېقىم قەلبىگە ئېقىپ، قەلبىنى ئېرىتىۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ قوللىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. كامال، مالىك بىلەن ئاسىيەدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تويى پەزىلەت بىلەن ئۇچرىشىش ۋە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى. شۇ ئولتۇرۇش بولغان ئاخشىمى، ئاسىيەنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن كامال پەزىلەتنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. بىرىنچى قېتىملىق بىرگە مېڭىشى بولغاچقىمىكىن كامال يۈرىكىدىكى سۆزلىرىنى دېيىشكە پېتىنالمىدى. كامال پات - پاتلا پەزىلەتنىڭ مەكتەپتىن يانىدىغان چاغلىرىدا ئۈلگۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان بولدى.

ئاسماندا تولۇن ئاي سۈتتەك نۇر چېچىۋاتقان، ئالتۇندەك سارغايغان يوپۇرماقلار ئىزغىرىن چىقىۋاتقان كۈز شامىلىدا شىلدىرلاپ تۆكۈلۈۋاتقان، ئەتراپتا ئانچە ئادەم كۆرۈنمەيدىغان بۇ خىلۋەت باغچىدا كامال بىلەن پەزىلەتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ۋە غازاڭنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ چىققان شاراق - شۇرۇق ئاۋازىدىن باشقا ھېچنەرسە ئاڭلانمايتتى. ئۇلار تەكشى قەدەم بىلەن يانداشىپ ئاستاغىنە ماڭاتتى. پەزىلەتنىڭ يۈزى ئاي نۇرىدا خۇددى پارلاپ تۇرغان چولپاندەك پارقىرايتتى. پەزىلەتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ، ئارىلاپ ئارىلاپ كامالغا قاراپ قوياتتى. كامال گەپنى نەدىن باشلاپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي قىينىلاتتى. ئۇلار ئاخىرى بىر خالىراق يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. كامال بىر قانچە ئايدىن بۇيان پەزىلەتنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىزا - قورۇنۇش دېگەنلەرنى يېڭىپ:

— پەزىلەت، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن. سىزدىن ئېنىق جاۋاب ئالالمىغاچقا كۆڭلۈم غېرىبسىنىپ، يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىمەن. كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. مېنى ئۇنداق قىينىماي بىر نەرسە دېسىڭىزچۇ؟ مېنى ياخشى كۆرەم-

سىز - يوق؟ دېدى. پەزىلەت تارتىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— مەنمۇ سىزنى.... دەپلا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

كامال بۇنى ئېنىق جاۋاب دەپ چۈشىنىپ، پەزىلەتنى قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ باستى ۋە سۆيدى. ئاتەشتەك لەۋلەر، ئوتلۇق يۈرەكلەر بىر - بىرىگە قانماي چىڭ چاپلاشتى...

كامال بىلەن پەزىلەت ئۇزۇن ئۆتمەيلا توي قىلىشىۋالدى. ئۇلار، خۇددا قوشقان بىر جۈپلەر بولۇپ، ناھايىتى ئىناق، ئوبدان ئۆتتى. باشقىلار كامال بىلەن پەزىلەتنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرىشەتتى. ئۇلار توي قىلىنىلى 5 - 6 يىل بولغان بولسىمۇ لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار تۇرمۇشىدا بالىغا بولغان تەشنالىق ئوچۇق ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. بەزى كەچلەردىكى جىمجىتلىق ئۇلارغا زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. پەزىلەت تۇغماسمۇ ياكى كامالمۇ، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى.

كامالنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەكبەرنىڭ ئايالى رازىيە ماگىزىندا پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشلارغا كىرگەن ئوماق، چىرايلىق قىزىمۇ بار ئىدى. رازىيە كىيىم - كېچەككە بەك ئامراق بولۇپ، يېڭى مودا كىيىملەرنى كۆرسە تۇرالماي قالاتتى ۋە بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئالماي قويمايتتى. ماگازىندىن بىر تېيىنمۇ ئۆيگە ئەكەلمەي، ۋەكسىچە باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ، ماگىزىندىكى ئاياللار بىلەن مەنمەنلىك تالىشىپ كىيىم سېتىۋالاتتى. 30 كۈندە 200 يۈەندەك مائاش ئالىدىغان ئەكبەرنىڭ ئايلىقى يېمەك - ئىچمەك، ئۆينىڭ چىقىمى، بالىنىڭ باغچا پۇللىرى بىلەن تۈگەيتتى. رازىيە پۇلنى توپ تېپىپ، توپ خەجلەيدىغان بىر تىجارەتچىگە ئوخشاپ: ئەكبەرنى، قىزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى كامالغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئادەم دېگەن بەكمۇ ئۆزگىرىشچان كېلىدىكەن. بىر ۋەقە، تاشقى مۇھىت باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بىرەر ھادىسە ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدىكەن. كامال بۇنىڭدىن ھەر خىل ئويلارغا كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى «پەزىلەت ماڭا سادىقمۇ-ئەمەس» دېگەن پىكىر خۇددى ئېزىدىغۇدەك ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئىگىلىۋالدى. كۈندەشلىك ۋەھشى ئالۋاستىدەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايتتى. ھە دېسىلا، رازىيەنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى پەزىلەتنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ كامالنىڭ كېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدىغان، قولى ئىشقا بارمايدىغان ۋە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ ئازابلىنىپ يۈردى. ئۇ، ئاخىرى ئۇنداق ئويلاپ - بۇنداق ئويلاپ پەزىلەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ، بۇ خىيالىنى يېقىن ئاغىنىسى ۋە سىرداش دوستى مالىككا دەپ ئۇنىمۇ كۆندۈردى.

پەزىلەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يەكشەنبە قىلىپ كەتكەن كۈنىگە توغرىلاپ «يالغان ئۆلۈش» كومېدىيىسىنى ئويناپ، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ۋاقىتسىز «ئۆلۈم»، ئازابلىق ھازىلارنى پەيدا قىلىندى. بۇ «سىر»نى مالىك بىلەن كامالدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدى.

كامال پەزىلەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى ھازا ئاچقاندا ئاڭلاپ ياتتى. ئۇنىڭ ياقىلىرىنى چاك - چاك ئېتىپ، كامال ئۈچۈن ئاھ - پەريات چېكىپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا نالە قىلىپ ياش تۆككەنلىكىنى بىۋاستە كۆردى. بۇ كامال ئۈچۈن بىر «ئىچكى سىر» بولسىمۇ لېكىن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالنىڭ ساداقىتىنى سىنايمەن دەپ ئايالىنى، ئانىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلىرىنى پاراكەندە قىلغانلىقى كۆز ئالدىدا كەلسە، قەلبى ئازابلىنىپ، ئۆزىنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

# قىزىم، بىزنى كەچۈرۈڭ

(ھېكايە)

## مۇرات مەتنىياز

قىزىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئۆزۈمنى بىسۇالالماي ئېتىلىپ بارغىنىمچە ئۇنى بىر شاپىلاق سالدىم. قىزىم ئويۇقسىز تەگكەن شاپىلاقنىڭ زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە يۈزىنى تۇتقىنىچە ماڭا قاراپ داڭ قېتىپلا قالدى. چۈنكى ئۇ مېنى ئۇرمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. دېمىسىمۇ، ئادەتتە مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا ھەر قانچە شوخلۇق قىلىپ قويسىمۇ ئۇرۇپ - تىللاش ئەمەس، ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپمۇ قىلىپ باققىنىمنى بىلمەيتتىم.

يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ئىككىمىز دائىم جېدەللىشىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. ھەتتا قەتئىي ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىدە سوتقىچە بېرىشىپ، سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈشۈۋاتاتتۇق. قىزىمغا تەگكەن بۇ تۇنجى شاپىلاق ئەنە شۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ ماڭا ئۆكۈت - نەسىھەت قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مەن قوللىرىمنى شىلتىغىنىمچە ئۇنى خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلغانغا ئوخشاش سوراق قىلىشقا باشلىدىم:

— ھەي خۇمپەر، ساقال قاراپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشقۇدەك شۇنداق چوڭ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟... ھە، ئېيتە قېنى سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جۆيلۈدۈڭ؟

مەن ئەسلىدە قىزىمنى مېنىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازىم بىلەن بوراندەك ئاۋازىمدىن قورقۇپ يىغلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇنىڭ ئادەتتە تارتىنىپ يەرگە قارىۋالىدىغان كۆزلىرى، ئەمدىلىكتە غەزەپكە تولغان قورقۇنچلۇق كۆزلەرگە ئايلىنىپ ماڭا مىختەك قادالغىنىچە قېتىپلا قالغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئويۇقسىز سول مەغزىنى سىلاپ تۇرغان قولىنى شارتتىدە چۈشۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، خۇددى يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، مەندىن قىلچىمۇ ئەيمەنمەستىن سۆزلەپ كەتتى:

— دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئەسلىدىلا ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى يوق ئىكەنتۇق. شۇڭا ئۇلار قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئايرىلىش ئىلتىماسىنى ئۆزلىرى كېلىپ يازدۇرۇۋالماقچى بولغانىدى، بىراق سىلەردىن خىجىل بولۇپ كېلەلمىدى، دېدىم.

— نېمە، شۇنداق دېسەڭ ئۇ سەندەك بىر شۇمتەكنىڭ سۆزىگە ئىشەندىما؟...

— ياق، باشتا سۆزۈمگە ئىشەنمەي، ئاتا - ئانىڭىز ئۆزلىرى كېلىپ بىر نېمە دېسۇن دېگەنىدى، — قاسىمجان بىلەن باشلانغۇچتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش ھەم دوست تۇرساق، قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بىزنى ياراشتۇرۇپ قويۇڭلار دەپ بارالايمىز، دېدى دېدىم. بۇنىڭ بىلەن قاسىمكام سۆزۈمگە ئىشەندى ھەم ماڭا: «قىزىم، ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئاتا - ئانىڭىز مەندىن خىجالەت بولۇپ كېلەلمەي سىزنى ئەۋەتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنى ھەم سىلەرنى قىينىمايمىز دېسە، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟! بۇنداق ئىشنى بىزمۇ قوللايمىز...» دېدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئاپاڭ ئۆزى باشتا ئاجرىشىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، مەن بىر ئەر تۇرۇپ، ئۇنىڭغا، ۋاي ئاجراشمىغىن دەپ يالۋۇراتتىممۇ؟!

— راست دادا، ئاپامنىڭمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئايرىلىپ كەتكۈسى يوق ئىكەن، — دېدى قىزىم سۆزۈم تۈگە - تۈگىمەيلا، — بىراق ئۆتكەندە سىز بىلەن گەپ تالىشىپ قالغان چاغدا يەڭگىلىك قىلىپ ئايرىلىپ كېتىمەن دېگەنىدى. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بېسىۋالالماي ئالدىراپ ئايرىلىپ كەتسەك ئايرىلىپ كەتتۇق دېدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا يول قويمىدىڭلار...

قىزىمنىڭ سۆزلىرى مېنى بارغانچە ھەيران قالدۇرۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ بۈگۈن بىراقلا چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندەك ماڭا تەربىيە بېرىۋاتاتتى. توۋا، مەن قىزىمنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىنىڭ دەپ يۈرسەم، ئۇ بالا ئەمەس، رەسمىي چوڭ ئادەم بولۇپ قاپتىغۇ؟ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى نېمىدېگەن ئورۇنلۇق - ھە! مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئىختىيارسىز يەرگە قارىدىم.

— جېنىم دادا، نېمانچە كاجلىق قىلىدىغانسىز؟ مەن بىر يامان ئىش قىلغىنىم يوققۇ؟ پەقەت سىلەرنى ياراشتۇرۇپ قالسىكەن دەيمەن. بۇرۇنقىدەك خۇشال - خۇرام ئۆتسەك بولمامدۇ؟ تالىشىدىغان نېمىمىز بار؟ سىلەر جېدەللىشىپ قالغاندىن بۇيان ھېلىقىدەك كۆڭۈللۈك كۈنلەر يوقاپ كەتتى. سىزنىڭ مەن بىلەن كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاپامنىڭمۇ ئىنىكام بىلەن ئانچە كارى يوق. ھازىر بىز ئاپاملار بار چاغدىكىدەك ئېسىل تاماقلارنى يېيەلمەيدىغان، ئەكسىچە قاتتىق - قۇرۇق نانلارغا قالىدىغان بوپقالدۇق. سىز ئازراقلا بىر نەرسە يەپ قويۇپ، ئاندىن كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكىدىغان، تېخى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋالىدىغان بوپقالدىڭىز، ھەر نۆۋەت مەست بولغاندا يىغلاپ ھەسرەت چېكىسىز... سىزنىڭ بۇ ھالىڭىزنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلاپ كېتىمەن، بەزىدە: «دادا بولدى قىلىڭە، يىغلىماڭە، ئەتە ئاپامنى چاقىرىپ كېلىۋالايلى، بولامدۇ؟» دېسەم «ھە، ماقۇل» دەيسىز. بىراق ئەتىسى دېگەن سۆزىڭىزگە ئەمەل قىلمايسىز. دادا، مەن بۇرۇن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېس بىلايتتىم. چۈنكى، ئېسىمنى بىلسەم شۇ چاغقىچە ئىككىڭلارنىڭ بىرەر قېتىم سوقۇشۇپ باققىنىڭلارنى بىلمەيتتىم. ئۇ چاغلاردا سىلەر ماڭا ھەر تەرەپتىن ياردەم قىلاتتىڭلار، تاپشۇرۇق ئىشلىگىنىمدە ئىككىڭ-

لار ئىككى تەرەپتىن ئۆگىتەتتىڭلار، ھەتتا
تېخى ئۆتۈلمىگەن دەرسلەرنىمۇ ئالدىنئالا
ئۆگىتىپ قوياتتىڭلار. ئەمدىچۇ، سىز بۇ-
ياقتا ئۆزىڭىز بىلەن، ئاپام ئۇياقتا
ئۆزى بىلەن، ئۇكام ئىككىمىز بىلەن ھېچ-
قايسىڭلارنىڭ كارى يوق. دادا، ئۇكا-
منىڭ ئىشىنى سىزگە قورقۇپ دېمىگەنىدۇق.
ئەمدى دەپ بېرەي، يېقىندىن بۇيان ئۇ
ياخشى ئوقۇماي، مەكتەپتىن قاچىدىغان
بولىۋاپتۇ. ئۆتكەندە ئۇ ئۈچ - تۆت يا-
مان بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر زا-
ۋۇتتىن مىس ئوغرىلاپتىكەن، تۇتۇلۇپ
قاپتۇ. ئۇلار ئۇكامنى دەسلەپكى قېتىم
ئوغرىلىق قىلغان ھەم يېشى كىچىك دەپ
ھېسابلاپ، پەقەت 100 يۈەن جەرىمانە
تۆلىسىلا قويۇپ بېرىدىمىز دەپتۇ. بىچارە
ئاپاملارنىڭ تۆلەيدىغان پۇلى يوق، ئا-
خىرى قولۇم - قوشنىلاردىن قەرز ئېلىپ
يۈرۈپ جەرىمانىسىنى تۆلەپ ئۇكامنى ئەپ-
چىقىۋاپتۇ، بۇلارنى ئاز دەپ مەنمۇ دەرستە
چېكىنىپ كەتتىم....

دەرسلەر كاللامغا پەقەتلا چۈشمەيدۇ.
شۇنداق قىلىپ تۈنۈگۈن مەۋسۇملۇق ئىم-
تىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا ئىككى
پەندىن ئۆتەلمەي قالغانلىقىمنى بىلدىم،
داۋاملىق ساقلاپ كېلىۋاتقان «ئۆتە ياخ-
شى» لىقىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدۇم...

قىزىم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆ-
زىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن كۆز ياش-
لىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى يەنە داۋاملاش-
تۇردى:

— ھەر قېتىملىق ھېيت - بايراملاردا
ئىككىڭلار ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنى يېتە-
لەپ باغچىمۇ - باغچا ئويناتاتتىڭلار، كىنو-
غا كىرەتتۇق. تېخى خەلق باغچىسىغا بې-
رىپ ھېلىقى سوقۇشقاق پاقىلارغا چۈشۈپ ئوي-
ناپ، خۇشاللىقىمىزدىن كۈلۈشۈپ كۆزلىرىمىز-
دىن ياش چىقىپ كېتەتتى! ئەمدىچۇ؟... ئۆت-
كەندە ئانىلارنىڭكىگە بارغان چېغىمدا ئاپا-
منىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ
كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. شۇندىن بېرى
سىلەرنى يارىشتۇرۇش نىيىتىدە كۆپ ئويلاندىم.
ئاخىرى ئۇكام ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ يال-
غان سۆزلەش ئارقىلىق سىلەرنى يارىشتۇرۇپ
قويۇش نىيىتىگە كەلدۇق. ئۈزۈمدىن باش-
قا يەنە ئۇكام ئىككىمىز تۈنۈگۈن سىلەر
بەرگەن پۇللارغا ئىككى تاۋۇز، ئىككى
قوغۇن ئالدۇق. ئۇلارنى ئاز كۆرۈپ سىز
پىشۇرۇپ قويغان قوي گۆشىدىن ئېلىپ
ئانىلارنى يوقلاپ كەلدۇق، بىز ئۇلارغا:
«بۇ نەرسىلەرنى دادام سىلەرگە ئەۋەتتى،
ئەسلىدە دادام بۇ نەرسىلەرنى ئۆزى
ئېلىپ كېلىپ سىلەرنى يوقلىماقچى ئىدى.
بىراق، تۈنۈگۈن كېچىدە بەل ئاغرىقى يەنە
قوزغىلىپ قېلىپ ئۆيدە يېتىپ قېلىپ كېلەل-
مەي بىزنى ئەۋەتتى. دادام سوتقا بەرگەن
ئىلتىماسىنى ياندۇرۇۋالدى. ئەمدى بالى-
لارنى يېتىم قىلىدىغان ئۇنداق ئىشلارنى قىل-
مايمەن دېدى. ئۇ بىزگە سىلەرنى قايتۇر-
رۇپ كېلىپ ئانىڭىزغا ياخشى قاراپ را-
زىلىقىنى ئالىمەن دېدى» دېدۇق. ئا-
نام بىلەن ئاپاملار بۇلارنى ئاڭلاپ ھەم
خۇشال بولۇشتى، ھەم قايغۇرۇشتى. ئىك-
كىسى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى قايتا - قايتا
سوراپ، يامان بوپتۇ دەپ ئەنسىرەپلا كې-
تىشتى. ئانام ئۆزىنىڭ سىزنى ئورۇنسىز
ئەيىبلەپ يۈرگەنلىكىدىن خىجىل بولغان-
لىقىنى ئېيتتى. بىز سىلەر ھايات تۇرۇق-
لۇق يېتىم بولۇپ قالساق بىزگە كىمنىڭ-
مۇ ئىچى ئاغرىيدۇ؟ دادا، ئۇكام ئىككى-
مىز ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمىز،

سىلەرمۇ شۇنداقمۇ - ھە! دادا، شۇڭا سىزگە مەسلىھەت سالماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلدىم. مېنى كەچۈرگەيسىز، دادا، ئانام بىلەن ئاپاملار سىزنىڭ ئۆلتۈرمىسىنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى بىز ئارقىلىق يوقلاتقۇزغىنىڭىزنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئاپام نېمىشقىدۇر خېلىغىچە ئۈنسىز يىغلىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرى بۈگۈن كەچتە سىزنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇشتى. جېنىم دادا، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇلار كەلگەندە چاندۇرماستىن قارشى ئالسىڭىز، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئۇ چاغدا ئۇلار سىزدىنلا رەنجىپ قالماي مېنىڭدىنمۇ رەنجىيدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولىدۇ. دادا، سىز دادا بولغانلىقىڭىز كۆڭلى - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا بولدى قىلىشىڭىزنى، جېنىم دادا شۇنداق قىلىڭ، بولامدۇ - ھە؟... ئەگەر ياق، ئۇنداق قىلمايمەن دېسىڭىز، ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۇكام بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيمەن ھەمدە سىلەردەك ئاتا - ئانىلارنىڭ بارلىقىنى ھېچكىمگە تونۇمايمەن!...

قىزىم راستىنلا شۇنداق بولىدىغاندەك بارغانچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. قىزىمنىڭ بۈگۈنكى سۆزلىرى ۋە مەزمۇنلۇق يىغىلىرى يۈرەك باغرىمنى بارغانچە ئېزىپ ئاچچىقلىرىمنى ئاسمانغا يالقۇنلارغا ئۇچۇرۇۋەتكەندى. بىر چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. قىزىمغا قارىغىنىمچە خىجىللىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. قىزىمنىڭ سول كاچىتىدىكى بەش قولۇمنىڭ ئىزى تېخى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئاق كۆڭۈل، بىگۇناھ قىزىمنى ئۇرغانلىقىمنى ئويلاپ پۇشايمان ئوتىدا قاتتىق ئازابلاندىم. بىر چاغدا غايىب بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە ئۇنى قۇچاقىمغا ئالدىم - دە، باغرىمغا مەھكەم بېسىپ: «قىزىم، بىزنى كەچۈرۈڭ! قىزىم، بىزنى كەچۈرۈڭ» دەپ پىچىرلىدىم. يۈرەك قېتىمىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىم خۇددى يېڭى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە تاراملاپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ياشلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى، بۇ ياشلار كۆڭۈل جاراھەتلىرىمىزنى يۇيۇۋاتقاندەك قىلاتتى...

# كەسپكە باغلانغان مېھىر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەمەنجان سادىق

1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىڭ چۈشتە ئۈرۈمچى شەھىرى كۆكتە مىسلىگەندەك ئېسىلىپ تۇرغان تومۇز قۇياشىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارىتى بىلەن خۇددى بىر تال سەرەڭگە ياقسىلا «لاپپىدە» ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، چوڭ - كىچىك كوچىلاردا ئادەم ۋە ئاپتوموبىللار شالاڭ ئىدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ چېپىپ يۈرۈپ قورسىقىغا تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىگەن ئېگىز

بويى، ئاق سېرىق، ياداڭغۇ كەلگەن، ئەمما كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان 20 نەچچە ياشلاردىكى مەخمۇت قىزىلتاغ سودا بازىرىدىكى بىر شەخسىي ئاشخانىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ قورساقنى پېتىرمانتا بىلەن ئوبدان ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئورۇمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قارىتا قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى پەم بىلەن قاتلاپ، كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سالدى - دە، 1 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، نېفىت ئىدارىسىنىڭ نۇرباغدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بېرىپ، كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى يولداش ۋارىسجان تۇردىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە:

— مەن شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىدە بەش يىل خىمىيە سانائىتى كەسپىنى ئۆگەنگەن، گەرچە ئورۇمچى ھەر جەھەتتىن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، بۇ يەردە كارامىتىمنى كۆرسىتەلمەيمەن، مېنىڭ ئىستىقبالىم پەقەت دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن بىرى بولغان پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىگەندىلا ئېچىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى شۇ يەردىلا نامايان قىلالايتتىم، مۇمكىن بولسا، مېنى قوبۇل قىلىپ قالسىڭىز ئىكەن، — دېدى ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىزھارلاپ. ۋارىسجان تۇردى كۆز ئالدىدىكى بۇ يىگىتكە ئۇزاقىچە تىكىلىپ قاراپ كەتتى ھەمدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، ئۇكام. بىز دەل سىزدەك ياش كەسىپ ئەھلىلىرىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق. تېخى يېقىندا «خەلق گېزىتى»دە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن زاۋۇتىمىزغا پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقارماقچىمىز. ھازىر سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئورۇمچىدەك چوڭ ئاۋات شەھەردە قېلىپ ئىشلەش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان، شارائىتى جاپالىق، چەت - ياقا رايوندىكى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىمەكچى بولۇپسىز. بۇ روھىڭىزنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ئىدارە تەشكىلات بۆلۈمىگە ھازىرلا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرەي، ئۇلار سىزگە رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باش ئورگىنى جايلاشقان قاراماي شەھىرىگە بېرىپ، رەسمىيەت بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئورۇمچىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرى، ساۋاقداش ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ بىللە تۇرۇپ، يىلدا ئاران بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيتىنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يولغا چىقىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، يولغا چىقىپ، 26 - كۈنىدىكى قۇربان ھېيتىنى ئاغىر بۇلاق تېغى باغرىغا جايلاشقان توقسۇن ناھىيىلىك ئاپتوموبىل بېكىتىدە ئۆتكۈزۈپ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىش

ئورنىغا كەلگەن 33 - ئادەم بولۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

ئەينى چاغدا زاۋۇت ئىش ئورنى پوسكام نېفىت بازىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن بىر پارچە قاقاس چۆللۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەرنىڭ بىر چېتىدىكى گېئولوگىيە ۋە ئۆلچەش - سىزىش خادىملىرى يېتىپ - قوپىدىغان بىرنەچچە كورپۇس، بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيلەردىن باشقا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي بۇرجىكىنى ئارانلا ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بىر پارچە بوستانلىق ئايرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھەر يىلى ياز ۋە ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىشى ھامان كۈندە دېگۈدەك قارا بوران چىقىپ كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. بوران چىققان كۈنلەردە بولسا، ئاسماندىن دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل سېرىق رەڭلىك ئاچچىق توپا - چاڭ يېغىپ ئادەمنى نەپەس ئالدۇرمايتتى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ يەر ئادەم تۇرغۇسىز دەرىجىدە كۆڭۈلسىز ۋە زېرىكىشلىك ئىدى. ئەمما، مەخمۇتنىڭ ئىدىيىسىدە پۇختا تەييارلىق بولغاچقا، بۇلارنى كۆرۈپ قىلچە پۇشايمان قىلمىدى.

تەشكىل مەخمۇتنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆز ئارزۇسى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇرۇلغۇسى زاۋۇتنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىغا قاراشلىق بىرىكمە ئاممىياك سېخىغا تەقسىم قىلىۋىدى، ئۇ قەۋەتلا خۇشال بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئورۇندا مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىمىنىڭ 70 % دىن كۆپرەكىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيتتى.

زاۋۇت رەھبەرلىكى شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۇنى 39 نەپەر خەنزۇ ئىشچىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىلۇ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا بىر يىل تېخنىكا ئۆگىنىپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى سىناق بولۇپ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى بولمىغاچ ئۈچ ۋاقلىق تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە توغرا كەلدى. يەنە تىل - يېزىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلاردىن باشقا، ئۇنىڭدەك ئەمەلىي جەمئىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان تەجرىبىسىز ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر خىل سەۋىيە ۋە ھەر خىل مىجەز - خاراكتېردىكى كىشىلەرنى باشقۇرۇش ئانچە ئوڭايغا توختىمىغان بولسىمۇ، 1986 - يىلىنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلىدە ئۇلارنى تېخنىكا جەھەتتە خېلىلا پىشقان مەلىكىلىك ئىشچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كېلىۋىدى، رەھبەرلىك ئۇنىڭدىن قەۋەتلا رازى بولدى. بۇ چاغدا زاۋۇت قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون مىڭلىغان قۇرغۇچى كېچە - كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان بولۇپ، زاۋۇتنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ئاساسەن ئاخىرلىشىپ، زاۋۇتتا كېرەكلىك ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىر قىسمى قوراشتۇرۇلۇشقا باشلىغان، ھەممە يەرنى قاينام - تاشقىنلىق ئەمگەك مەنزىرىسى قاپلىغانىدى. مەخمۇت بۇ يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ پات ئارىدا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاياجىنىنى باسالماي، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى...

1987 - يىلى ئەتىيازدا بىز زاۋۇتتا 400 توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئەمدى رەھبەرلىك خىزمىتىمىز ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنىدىغان 100 دىن ئارتۇق يېڭى ئىشچىغا تېخنىكا دەرسى ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. لېكىن ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى خەنزۇلار تەشكىل قىلغاچقا، مەخسۇس دەرسنى خەنزۇچە تەييارلاپ، خەنزۇچە سۆزلىمىسە بولمايتتى. لېكىن، ئۇ ئالىي مەكتەپتە خەنزۇچىنى خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆگەنگەن بولسىمۇ، كىچىكىدىن يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە ئوقۇغاچقا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. مانا، ئۇ، ئۇلارغا بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بېقىشىۋىدى، مەسىلە ئايدىڭلاشتى، دېمەك، بەزىلەر ئۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدىن قۇسۇر تاپسا، بەزىلەر دوسكىغا يازغان خەتلىرىدىن چاتاق تېپىپ، ئۇنى ھەدېگەندىلا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولۇشتى. ئۇ، شۇ سائەتلىك دەرستىن چىقىپلا تەشكىلگە «مېنىڭ خەنزۇچە ئاساسىم ئاجىز، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم» دەپ باشقا ئىش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋىجدانى يول قويمىدى. ئەمما، بۇ ئىش ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا يەنە قايتا تەكرارلىنىۋىدى. ئۇ ئۇلارغا تىرىكىش ۋە رەللە بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ، ئالدى بىلەن كۇرسانتلارغا تېخنىكا دەرسى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈردى. دەرسنى كۆپ ماتېرىيال كۆرۈپ، تېخنىۋى ئەتراپلىق ۋە تېخنىۋى پۇختا تەييارلاپ، دەرسكە كىرىشتىن ئاۋۋال دوسكىغا يېزىش ۋە سۆزلەشكە تېگىشلىك بولغان ھەر بىر خەنزۇچە سۆز - ئىبارىنى ئالدى بىلەن سەنئەتلىك يېزىش ھەمدە توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى مەشىق قىلىپ، ئۇلارغا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق يۈرەك قېتىدىن چىقىرىپ سۆزلىگەن ھەر بىر سۆزى، 80 - يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەتنى ۋە مول بىلىمى ئارقىلىق ئاخىرى ئۇلارنى قايىل قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ يېرىم يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 98% كىشى كۇرس ئاخىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك نومۇرلاردىن كېلىپ ئالغان تېخنىكا ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، زاۋۇتتا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

ۋەھالەنكى، قىسمەن كىشىلەر، ھەتتا قىسمەن رەھبەرلەرمۇ ئۇنى ئەينى چاغدا ئانچە چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ قولىدىن خېلى چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى، تېخى بۇنى ئاز دەپ دائىم باشقىلارنىڭ تىرنىقى ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يۈرىدىغان بەزى ئىچى تار ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەسەت ئوقلىرىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىگە چىدىماي، تۈرلۈك يوللار بىلەن توسالغۇ پەيدا قىلدى. ئەمما، ئۇ بۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي، كەسپىي بىلىمى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىسىگە تايىنىپ، يول ئېچىپ ئالغا

ئىلگىرىلەۋەردى، ئۇنى شۇنچە جان پىدالىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلغان كۈچ نېمە؟ ئۇ بۇنىڭغا يەنە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ناھايىتى ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

1987 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى جىددىي قوراشتۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، قۇرۇلۇش تازا ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويغانىدى. زاۋۇت رەھبەرلىكى مەخمۇت قاتارلىق ئىنژېنېر تېخنىك خادىملارغا بىرىكمە ئاممىياك سېخىنىڭ مەشغۇلات قائىدىلىرىگە ئائىت تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى تېزدىن يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى. بۇ پۈتكۈل زاۋۇتنى سىناق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇنىڭ تېخنىكا تەلىپى كۈچلۈك، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا زاۋۇت ئەمدىلا قۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، خىمىيەۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىدا بۇ سېخنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار بەكمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئېغىر يۈكنىڭ كۆپرەكىنى يۈرەكلىك ھالدا زىممىسىگە ئالدى. بىر كۈنى ئۇ ئىشخانىسىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن سېخنىڭ چېرتيوژلىرىغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى، خىمىيەۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىغا باشقا جايدىن يېڭىلا يۆتكىلىپ كەلگەن مەلۇم بىر رەھبەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ:

— مەخمۇت، بۇ ماتېرىياللارنى يېزىپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تىل - يېزىق جەھەتتىن قىيىنىلىپ قالىسىز، مېنىڭچە قولىڭىزدىكى ئىشلارنى ھازىرلا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز، ئارقا سەپتىكى ئاسانراق بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق قانداق؟ — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى ئۆزىگە ھار كەلگەن، ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا يىگىتلىك غۇرۇرىغا خېلى قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ كەسكىن ھالدا:

— پارتىيە ۋە خەلق مېنى زور بەدەل تۆلەپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان تۇرسا، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەن قىلالمامدىمەن، ماڭا ئۇيات ئەمەسمۇ؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ياخشى ئورۇندايمەن، — دېدى.

ئۇ ئۆزىگە چەكسىز ئىشەنگەنىدى ۋە كەسپكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغانىدى. شۇڭا ھېلىقى باشلىقنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىلگىرى كۈنىگە 8—10 سائەت ئەتراپىدا ئىشلىگەن بولسا ئەمدىلىكتە 12—14 سائەتلەپ ئىشلەپ، ئۆزىگە لازىملىق ھەر بىر سان - سىفىرنى دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار ئارىسىدىن خۇددى دېڭىزنىڭ ئاستىدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپ تېپىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ، ئۈچ ئاي جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىرى «بىرىكمە ئاممىياك سېخىنىڭ ماتېرىيال سېلىپ ماشىنا سىناش لايىھەسى»، «كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلارنىڭ رەت نومۇرى» ۋە «ئۈسكۈنىلەرنى تازىلاش ۋە سىناق قىلىش» دېگەن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈش مۇھىم لايىھەنى مۇددەتتىن بىر ئاي ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەنزۇچە يېزىپ چىقتى. لېكىن،

ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىق تۈپەيلىدىن يىقىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن زاۋۇت رەھبەرلىرى بىلەن كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ:

— مەخمۇت، قاراڭ سىزنى، ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قاپسىز، كۆزلىرىڭىزمۇ قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ، سىز تېخى ياش، خىزمەتنى دەپ سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز نېمىسى، — دېگەندە، ئۇ:

— ھېچقەسى يوق، مېنىڭ ئەزەلدىن تېنىم ئاجىزراق ھەمدە كۆز ئاغرىق كېسىلىم بار، كېيىنچە ئۆگىنىشىپ كېتىمەن، — دەپ قويۇپلا ئىشلەۋەردى. بۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە سېختىكى 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىشىگە نۇقتىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ھەر قايسى ئىش ھالقىلىرىدا مۇستەقىل مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ تەر ئاققۇزدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز سېخىنىڭ مەشغۇلات قائىدىسىگە ئاساسەن 500 مىڭ خەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالىنىمۇ خەنزۇچە يېزىپ چىقىپ، كۆپەيتىپ باستۇرۇپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، بىرىكمە ئاممىياك سېخى قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سىناقتىن لاياقەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە زور تۆھپە قوشتى.

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلىغان پروسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1989 - يىلى 7 - ئايدا مۇددەتتىن يېرىم يىل بۇرۇن پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك ئۈرېئا ئوغۇت ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆتكەن ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شۇ سېخنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى ئاي كېچە - كۈندۈز ئۆيىگە قايتماي، بىرىكمە ئاممىياك سېخىنىڭ تۆۋەن بېسىم قۇرۇلمىسىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىغا كېرەكلىك بولغان بىرىكمە ئاممىياك سۇيۇقلۇقىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى...

زاۋۇت پۈتۈپ، ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك شارائىتلار ئاستىدىكى ئەمگەك مۇساپىلىرى ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىرلەشمە جەڭلەر ئاخىرلاشقاچقا، زاۋۇتتىكى 2500 گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 80 نەچچە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ياشلارنىڭ ئەندىشىسىدىكى جىددىيلىك تۇيغۇسى سەل پەسكويغا چۈشكەندى. شۇڭا ئەمدى ئۇلار شەنبە - يەكشەنبىلەرنى قولدىن بەرمەي، يىگىتلەر ساقال - بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياسىتىپ، زامانغا لايىق رەتلىك كىيىنىپ، ئۆتكۈر ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىق قىزلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ بېرىپ ھوزۇرلىنىپ كىنو - تىياتىر كۆرسە، تانسىخانىلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچسا ياكى بولمىسا يىغىلىپ بەزمە - مەشرەپ قۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە يەپ - ئىچىپ

ئوينىسا، مەخمۇت ئۇلارنىڭ ئەكسىچە زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلاپ، زاۋۇتتا كېچە-كۈندۈز دېجۇرنىلىق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

1989-يىلى 8-ئاينىڭ تونۇردەك ئىسسىق مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن سەل قايرىلغاندا مەخمۇت ئىشچىلار بىلەن بىللە ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىرىكمە ئامىمىياك مۇنارى ئۈستىدە ئاسما مايكا بىلەن قارا تەرگە چۆمۈپ جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. زاۋۇت باشلىقى تاڭ چىڭجۇ ئۇنىڭ قېشىغا ئىزدەپ چىققىنى-دە، ئۇنىڭ ماي يۇقى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەخمۇت، مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن سىزگە تېلېگرامما كەپتۇ، سىز بۇ قېتىم شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئىككى ئايلىق ساياھەتكە بارىدىكەنسىز. شۇڭا ھازىرلا ئۆيىڭىزگە قايتىپ تەييارلىق قىلىڭ، ئەتە ئەتىگەندە قارامايغا ماڭىسىز، — دېدى.

لېكىن ئۇ ئويلىمىغان يەردىن:

— تاڭ چاڭجاڭ، مەن ساياھەتكە بارالمايمەن، چۈنكى ھازىرقى ئەھۋالدا خىزمەتتىن ئايرىلسام، ئورنۇمغا ئىشلەپ تۇرغۇدەك ئادەم يوق، ئەگەر باشقا سېخلاردىن ئىنژېنېر-تېخنىك خادىملارنى يۆتكەپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر ئەمەلىي سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن پەيتتە، ئۇلار بۇ ئورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا مېنىڭ بارالمايدىغانلىقىم توغرىسىدا خەۋەر بېرىۋەتسىڭىز، — دېدى پېشانىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ.

زاۋۇت باشلىقى مەخمۇتقا خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئىلاجىسىز ئىشخانىسىغا قايتىپ كەتتى. لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە:

«مەخمۇت تازا ئۆتتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئاداشكەن، ھۆكۈمەت ئالاھىدە ئىززىتىنى قىلىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتسا، پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ دەم ئېلىپ كەلمەي، نېمە بار بۇ سېسىقچىلىقتا جېنىنى قىيناپ، خۇدادى ئۇ بولمىسا، زاۋۇتنىڭ ئىشى توختاپ قالامدىغاندەك!...» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «ھەي، بۇ ئاداشنىڭ ئاكتىپلىق قىلىپ قىلغان ئىشىنى قاراڭ، ئاۋادا بىزدەك ئەرلەرگە ئاشۇنداق ئامەت كېلىپ قالىدىغان بولسا قانداق تاماشا قىلىۋېتەتتۇق-ھە» دەپ ھەسرەت چېكىشتى.

ئەمما، مەخمۇتنىڭ ئۆزىگە كەلگەن «ئامەت»لەرنى پەقەت بىردىنچى قېتىملا رەت قىلىشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا يېقىنقى سۆزلىرىمىزنىڭ داۋامى ئۈچۈن تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراپ باقايلى:

— ئۇنىڭ 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا دەم ئالماي ئىشلىگەن ھېيت-بايرام ۋە يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنلىرى 230 كۈنگە، ئىشتىن سىرت ئىشلىگەن خىزمەت ۋاقتى 850 سائەتكە يېتىدۇ. ئۇ

بۇلارغا بىر پۈتۈك ھەق تۆلەپ قىلمايلا قالماي، بەلكى ھەر ئايلىق مۇكاپات پۇللىرىدىنمۇ ئادەتتىكى ئىشچىلاردىن ئارتۇق ئېلىشنى رەت قىلىپ كەلدى.

— 1988 - يىلى 1 - ئايدا ئۇنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان تۇنجى پەرزەنتى ئېلىنجان يېرىم ياشقا كىرگەندە ئۇشتۇمتۇت نىيرۋا خاراكتېرلىك پالەچ كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا تەشكىل ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ بالىسىنى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق رۇخسەت بىلەن يولغا سالدى. لېكىن مەخمۇت ئوغلىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا بالنىتسىغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، قالغان ئىشلارنى ئايالىغا تاپشۇرۇپ، پەقەت ئۈچ كۈندىلا خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

— 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خىمىيەۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىدىكى بىر خەنزۇ ئىشچىنىڭ ئايالى تۇيۇقسىز ئاپتوموبىل ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن 300 گىرام قان تەقدىم قىلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش قەغىزى يېزىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ نورمال ئىشلەۋەردى...

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى، مەخمۇتنىڭ جاپالىق ئەجرى يەردە قالمىدى. ئۇنىڭ بارلىقىنى ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە خەلقىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى ئۇنى يۈكسەك شان-شەرەپكە ئىگە قىلدى. ئەنە، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بەرگەن تۈرلۈك ئوردېن-مېدال، تەقدىرنامە-شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى، ئۇ بۇلارنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. زاۋۇت قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. ياق، بۇ ئارزۇ يالغۇز ئۇنىڭلا ئارزۇسى بولماستىن، بەلكى پۈسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى، شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ بېيىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلدە كۆرسىتىلىشى ئىدى. مانا بۈگۈن دۆلەت 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ قۇرغان بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك زامانىۋى نېفىت-خىمىيە سانائىتى كارخانىسى كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. گۈدۈك ساداسى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ، ئەسىرلەر بويى غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقان بىپايان چۆللۈكنى ئويغاتتى. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان بېنزىن، سالياركا، خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى قاتارلىق مەھسۇلاتلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ

تۇشۇلۇپ، ئىلگىرىكىدەك شىمالىي شىنجاڭنىڭ نېفىتى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەشتەك پاسسىپ ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئۇلار مەخمۇتقا ئوخشاش نېفىتچى ئوغۇل - قىزلىرىغا چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئېيتماقتا.

# شېئىرلار

**مۇھەممەت روزى**

## ئۈرۈمچى

«چىڭ ئالتۇنغا ياقۇت كۆز»
زەپ جايىدا بىر گەپ - سۆز.
سەن ئۆلكەمنىڭ كۆزىسەن —
دەيدۇ ھەممە يۈزدە - يۈز.

رەت - رەت كەتكەن بىنالار،
كۆكنى سۆيگەن مۇنارلار.
يوللىرىڭغا ياراشقان،
ئارچا، قارىغاي، چىنارلار.

سەندە ھايات ياپراشقان،
بۇلبۇل، كاككۇك سايراشقان.
زاۋۇت، كانلار، مەكتەپلەر،
ساڭا ئەجەب ياراشقان.

ئاسمان پەلەك تاغلىرىڭ،
تاغ تۈۋىدە باغلىرىڭ.
مىڭ يىل قازساڭ تۈگىمەس،
قارا ئالتۇن كانلىرىڭ.

سەن ئۆلكەمنىڭ مەركىزى،
سېنى سۆيەر ھەر كىشى.
جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ،
قوماندانى — ئىش بېشى.

ئۈرۈمچى - يۇ، ئۈرۈمچى،
سەندە تۈمەن ئىجادچى.
ئىجادچىنى ئۆستۈرگەن،
كومپارتىيەم ئىجاتچى.

## ياپراق

تاڭدا كۆردۈم يېشىل ياپراقلار،
ئالتۇن لىباس كىيگەن ئۈستىباش.
كۆزنىڭ سەلكىن سوغۇق شامىلى،
ئاققۇزىدۇ كۆزلىرىدىن ياش.
ياپراققا تەس ئايرىلىپ ياشاش،
ئېتەر چۈشۈپ زېمىننى_ باخاش.

********



# باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى

(ھېكايە)



خالىق ئىزايىت

سالى باغۋەن كۈن پاتاي دېگەن چاغدا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئالمىلىق باغقا قاراپ ماڭدى. ياشقىنە ئايالى ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرىدىنى غەم - قايغۇ ۋە چوڭقۇر ھەسرەت تۇزانلىرى باسقانىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بەش ياشلىق ئوغلىنى يېتىلىۋالغان، ئالتە ئايلىق قىزىنى كۆتۈرۋالغانىدى.

سالى باغۋەن ئالمىلىق باغقا يېتىپ كەلدى ۋە شورىسلارنىڭ يەنە بۇزۇلغان - بوزۇلمىغانلىقىنى سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قەدەملىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ساتمىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا قۇياش ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغان. ئەتراپنى گۇگۇم تۇمانلىرى باسقانىدى. ئۇ ساتمىدا ئوكدىسىغا ياتقىنىچە ئاستا كۆزىنى يۇمدى. ئېغىر خىيال ئۇنى قويىنىغا ئالغانىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە مىدىرلىماي جىمجىدە ياتتى. چىرايى بولسا بارغانسېرى تۇتۇلۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئەتراپىدا غىڭىلدىشىپ يۈرگەن پاشىلار چېقىپ كالپۇكلىرىنى

دوردايتىپ، يۈزلىرىنى بولسا مىزدۇر-
چوقۇر قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ پاشىلارنى
قورۇشقىمۇ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ پەس
ئاۋازدا پىچىرلىدى: «مەن تاماق يەپ
كەلگۈچە ناكەسلەر ئالمىلارنى ئوغرىلاپ،
كىرگەن يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كېتىپ
بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن...» ئۇنىڭ
كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. بىزەڭ پاشىلار
قىسىر قىلماي ئۇنىڭ قېنىنى شوراۋەردى.
«ياق... ياق... بۇنداق بولماسلىقى كېرەك،
مەن بۇنداق قىلسام ئۇنىڭغا تۈگىمەس
ئازابلارنى سالغان بولىمەن... ئۇ پاك...
ئۇ ساپ...» سالى باغۋەن كۆزىنى ئاستا
يۇمۇپ جىمجىت ياتاتتى.
تولۇن ئاي ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئەتراپىنى
بارغانسېرى سۇس ئاقىرىشقا باشلىدى.
سالى باغۋەن تېخىچە جايىدا مىدىر قىلماي
جىمىدە ياتاتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى. پاشىلار بولسا يەنىلا ئۇنى
بىزەڭلىك بىلەن چاقماقتا. ئۇنىڭ قېنىنى
شورىماقتا ئىدى. ئۇ تۇساتتىن كۆزىنى
ئاچتى ۋە ئاسماندىكى تىزلىن ئاينى كۆردى.
ئاي ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ
ئاغزى بىلىنەر-بىلىنمەس ئېچىلدى.
قاشلىرى ھىمىرلىپ چىرايى ئۆلۈكنىڭ-
كىدەك بولۇپ قالدى ....... گۈزەل بىر
قىز غەلۋىر بىلەن گۈرۈچ سورۇۋاتاتتى.
ئەمما شامال يوق ئىدى. گۈرۈچلەر
تۆكۈلەتتى - تۆكۈلەتتى. لېكىن ھېچكىم
يىغىۋالمايتتى. قىز يېنىچە تۇراتتى.
ئۇنىڭ بۇنداق تۇرۇشىدا مەلۇم مەقسەت
بولۇپ، ئۇ شۇ باھانە بىلەن بىرىنى
كۈتۈۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇ ناپاك ...
ئۇ بىر كىمنى كۈتۈۋاتىدۇ... ئاي ئەسلى
ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر پادىشاھنىڭ
قىزى ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى پاك ساقلاش
ئۈچۈن ئاسمان قەسرىگە ئېلىپ چىققان،
لېكىن قىز كېچىلىرى خۇپىيانە تاماشايان
ئىشلارنى قىلمىغانمىش... بۇنى بىلگەن
شاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ ھەر قانداق ئەر-
كەكنى ئۇنىڭغا قارىمايدىغان قىلىۋېتىش
ئۈچۈن چىرايىغا قىزدىق ياغ چېچىۋەت-
كەن. لېكىن ... لېكىن ئۇ داغلار ئۇنىڭ
گۈزەل بىر قىز بولۇشىغا تەسىر يەتكۈ-
زەلمەپتۇمىش. بىمەنە رىۋايەت!...سالى
باغۋەن ئىڭراپ كەتتى. ئاھ... مەن يەنە
نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن ... شۇنچە ئۇزۇن
ۋاقىت تارتقان ئازابىمۇ يېتىدىغۇ؟!...
ئۇمۇ ناھايىتى پاك، ناھايىتى سەممىي
ئايالغۇ، مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلى-
مەن؟... نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزۈمە-
گىمۇ تۈگىمەس ئازابلارنى سالىمەن...
سالى باغۋەن كۆزىنى يۇمغىنىچە جىمىپ
كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەنە-
گەنىدى. ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەك — ئۆلۈك-
تەك ياتاتتى. پاشىلار يەنىلا بىزەڭلىكتىن
قالمىغانىدى. مەيىن شامال ئالما يوپۇر-
ماقلىرىنى ئاستا شىلدىرلىتىپ ئۆتەتتى.
سالى باغۋەن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى ۋە
چەپپىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما ئاستا - ئاستا
ماغدۇرىنى يوقاتقان ئادەمدەك يەنە جىمىدە
يېتىپ قالدى ھەم ئۈمىدسىزلىك بىلەن
ئەتراپقا سەپسالدى. «يوپۇرماقلارنىڭ
شىلدىرلىشىدىن پايدىلىنىپ باغقا ئوغرى
كىرمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!... ئۇلار
ناھايىتى چاققان ... بەكمۇ قۇۋ ... توغرا،
ئانام توغرا ئېيتقان. ئاياللارغا كەلگەندە
سۈپۈرگىدىنمۇ كۆڭلەش كېرەك!...»
سالى باغۋەن ئورنىدىن ئاستا تۇردى.
دەلدەڭشىگىنىچە باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ
ماڭدى. ئۇ خامۇش ھالدا باغنىڭ ئىشى-
كىنى تاقاشنىمۇ ئۇنتۇدى. كەڭ دالا ناھا-

يەنە گۈزەل ئىدى. ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيىي تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى.

«... ئۇلار بەكمۇ قۇۋ ... مەن چاققان بولۇشۇم كېرەك، ئۇلارنىڭ ...» سالى باغۋەن قەدەمىنى تېزلەتتى. يۈگۈرگەندەك مېڭىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىشىك مەھكەم تاقاقلىق تۇراتتى. سالى باغۋەن پەم بىلەن ھويلىغا ئارتىلىپ كىردى. دېرىزىدىن سىزىس چىراغ يورۇپ تۇرغان ئۆي ئىچى ئېنىق كۆرۈندى. ئايال بۆشۈك-تىكى بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەن، چىرايى ئوخشاشلا تاتىرالغۇ، لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالغان ھالەتتە تۇراتتى.

سالى باغۋەن كەينىگە ئاستا داجىدى، ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. ئۇ تامدىن ئارتىلىۋاتقاندا ئۆي ئىچىدىن تۇيۇقسىز ھەسرەتلىك، ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال ئۆزىنى تۇتۇ-ۋالالمىغانىدى. سالى باغۋەن تامنىڭ تۆپىسىدە بىرنەچچە مىنۇت قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئېسىگە كېلىپلا تامدىن سەك-رىدى - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈردى...

ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۆزىنى كارى-ۋىتىغا ئوڭدىسىغا ئاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەمدى ئايىمۇ كۆرۈنمەيدى. چۈنكى ئۇ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغىنىچە ئاچمىغا-نىدى. ئازاب ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك پاك پەرىشتىدەك ساپ تۇرسا-ھا!... مەن يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىم... نېمىلەرنى قىلدىم... ئۇنىڭ ئالدىدا مەن گۇناھكار...

سالى باغۋەن كۆزىنى ئاچقاندا قۇياش ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى. ئۇ ئېرىن-چەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى، چىرايىدا ھېچقانداق غەيرىي ئالامەت يوق ئىدى. ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە ئەتى-گەنلىك تاماق يېگىلى ماڭدى. يول مېڭىشلىرىمۇ ئىنتايىن تەمكىن ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بەش ياشلىق ئوغلى ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئىشىك ئالدى-لىرى، ھويلا - ئاراملىرى پاكىز سۈپۈرۈل-گەن. ئايالى ئەتىگەنلىك تاماقنى تەي-يار قىلىپ تۇرغانىدى. سالى باغۋەن ئايالىنىڭ چىرايىغا يەر تېگىدىن سەپ-سالدى. ئايالىنىڭ چىرايى يەنىلا غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئازاب ئۇنى قۇرۇق ھالىكەل-دەك قىلىپ قويغانىدى. سالى باغۋەن جىممىدە ئولتۇرۇپ تاماقنى يېدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. كېتەر چېغىدا بۆشۈكتىكى بالىسىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ قويدى.

سالى باغۋەن يەنە بېغىغا كەتتى. ئايالى ئۇنى غەم بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئوغلىنى يېتىلىۋالغان قىزىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئەمما ئىشىك تۈۋىدە ناھايىتى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى ۋە كېيىن ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنى ئىش بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرى كەچ-لىك تاماققا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا چوڭلار كىيىدىغان شەپكىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى. سالى باغۋەن كەلدى، ئۇ كەچلىك تاماقنى يېدى ۋە ئىلگىرىكى ئۆزگەرمەس ۋەدىلىرىنى تەكىتلىدى، ئايالىدىن قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى. كۈن پاتاي دېگەندە بېغىغا قايتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئايال ئۆي ئىچىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇردى. قىزىنى بۆشۈككە بۆلىدى. ئوغلىغا ئورۇن سالدى ۋە بىر تال ياستۇقنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ، يوتقاننى خۇددى كىچىك بالا مەھكەم يېپىنىۋالغاندەك قىلىپ ياسىدى.

— كەل قوزام، — دېدى ئايال ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا، — بۈگۈن ئىككىمىز بىللە ياتايلى، سەن بۇ چىرايلىق شەپكىنى كىيىۋال، بالدۇرراق ئۇخلايلى، — ئايال بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باستى. بالا ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىغىنىچە جىممىدە ياتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى.

ئايال شەپكىنى يەنە بىر قېتىم تۈزەشتۈرۈپ قويدى. ئاندىن يوتقاننى يېپىپ جىممىدە ياتتى. چىراغنى بولسا بالدۇرلا يېقىۋەتكەنىدى. بالا بارغانسېرى ئىسسىقلاپ بولالماي ياتاتتى، ئىسسىقلىغانسېرى يوتقاننى تېپىپ ئېچىۋېتىشكە تىرىشاتتى. ئايال بىر قولىدا يوتقاننى مەھكەم پۈركەپ يەنە بىر قولىدا بالىسىنىڭ كىچىك قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. بالىنىڭ تېپچەكلىشى بىلەن يوتقان بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ تۇراتتى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. ئىشىك تىرىقشىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا «كۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىرسى ھويلىغا كىرىپ كەلدى — سالى باغۋەن يەنە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كۈندۈزدىكى خاتىرجەملىكىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ دېرىزىدىن ئاستا مارىدى.

سۇس چىراغ يورۇپ تۇرغان ئۆي ئىچىنى ئېنىق كۆردى، ئايالىنىڭ خۇلقلىنىپ نازلانغان ئاۋازىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى، بىچارە نارىسىدە بالا قورقىنىدىن بۈزلۈگدىكى يوتقانغا پۈركىنىپ جىممىدە ياتاتتى...

سالى باغۋەن ئاستا - ئاستا ماغدۇرسىزلاندى، پۇتلىرى بوشاشتى ۋە جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، نۇرسىز كۆزلىرى كۆككە تىكىلدى. ئەمما ئاينى كۆرەلمىدى ... گۈزەل بىر قىز غەلىتە بىلەن گۈرۈچ سورۇۋاتاتتى. ئەمما ھېچقانداق شامال يوق ئىدى. گۈرۈچلەر تۆكۈلەتتى - تۆكۈلەتتى. لېكىن ھېچكىممۇ يىغمىۋالمايتتى. قىز يېنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرۇشلىرى بىلەن بىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى... توغرا ئۇ ناپاك... مەن خاتا قىلمىدىم... مەن ئوغرىنى مېلى بىلەن تۇتتۇم... سالى باغۋەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى...

... يىگىت قىرانىغا يەتكەن، قىز رەسىدە بولغانىدى. يىگىت ئاجايىپ بەستلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قايسىدۇر باللار يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئېچىلدى، ئۆگزىگە چۈشكەن چالمىلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يىگىت غەزەپلەندى، بۇ ئىشلارغا داۋاملىق بەرداشلىق بېرەلمىدى. يىگىت ئۆي ئىچىگە قاراپ غەزەپ بىلەن بىرنى ئالىۋەتتى ۋە يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. سالى باغۋەن ئوغلىدىن ئەنسىرىدى ۋە ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئەگەشتى. ئوغلى ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن يىراق - يىراقلارغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. سالى باغۋەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، يىراق - يىراقلارغا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي سالى باغۋەن ئېلىشىپ قاپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەكلەر تارقالدى. بەزىلەر «سالى باغۋەنگە ئالىملىق باغدا يالغۇز يېتىپ جىن چاپلىشىپ قاپتۇ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «سالى باغۋەن ئالىملىق باغدا

يالغۇز ياتقاچقا، ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ سىيا-
قىدىكى ئەركەك جىن چاپلىشىپ قاپتۇ»
دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئېلىشىپ
قالغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئادەم
قالمىغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئىشتىن كېيىنلا
مەھەللىمۇ - مەھەللە يۈگۈرۈپلا يۈرىدىغان،
توختىماستىن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرى-
دىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ
ئىسمىنى شۇنچىلىك قاتتىق چاقىراتتى
ھەم شۇ قەدەر تېز يۈگۈرەتتىكى، گويا
ئاۋازىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك
قىلاتتى. ھېرىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قال-
غاندىلا نە ئۇدۇل كەلسە شۇ يەردە مۈك-
كىدە چۈشۈپ ياتاتتى، بىر نېمىلەرنى دەپ
پىچىرلايتتى.

سالى باغۋەننىڭ ئايالى ئېرى ئېلى-
شىپ قالغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆيدىن
تالاغا چىقمىدى. ئىككى بالىسىنى ئىككى
چېتىگە ئېلىپ ھىقىلدىغىنىچە يىغلاپ
ئولتۇردى. ھېلىقى كۈندىكى ئىشلار ئۇنىڭغا
خۇددى ئۆز ئۆلۈمىنى تەكلەپ تۇرغاندەك،
شەپكە بولسا جاننى ئالىدىغان ئەزرائىل-
دەك، تەسەللى بەرگىلى كىرگەن قوشنى-
نىلار بولسا ئۇنىڭ گۇناھىغا گۇۋاھچى
بولۇشقا كىرگەندەكلا ئىدى.

ھېلىقى ۋەقە بولۇپ ئارىدىن يېرىم
يىل ئۆتتى، سالى باغۋەننىڭ ئىشىكى
يېرىم كېچىدە ئاستا ئېچىلىدىغان، لىپپىدە
قىلىپ بىر قارا سايە كىرىپ كەتكەندىن
كېيىن ئاستاغىنە مەھكەم تاقىلىدىغان
بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار كېيىنچە سالى
باغۋەننىڭ كۆزىگە چېلىقىپ - چېلىقىپ
تۇردى. ئۇ شۇنداق چاغلاردا ئىشىكىگە
يىراق جايدا تۇرۇپ ھاڭۋاقىنىچە قاراپ
كېتەتتى، ئىشىك تاقىلىپ شەپە توختى-
غاندا بولسا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى قاتتىق
چاقىرغىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ يىراق-
لارغا كېتىپ قالاتتى ۋە ئوغلىنى كۆر-
گەندەك بولاتتى. ئۇنى ئارقىسىدىن
قوغلاپ تۇتۇۋالغاندەكلا قىلاتتى، ھېرىپ
ئۆلەر ھالغا كەلگەندىلا دۈم چۈشكىنىچە
ھەدىر قىلماي ياتاتتى ۋە نېمىلەرنىدۇر
دەپ پىچىرلايتتى...

---

ئاشۇ ۋەجىدىن ۋىسال قۇشۇڭ،
كۆكتە قانات قېقىپ كېلىمەن.
سېنى ئىزدەپ مەھەللەڭگە جانان،
دولقۇن بولۇپ ئېقىپ كېلىمەن.

## گۈزەللىك

بۇرنۇڭ ئاقار يۇلتۇز كەبى،
ئاغزىڭ ئالتۇن جام.
چىقىپ كەلدىڭ تولۇن ئايدەك،
دېدىم: «— ئەسسالام».

يۈزلىرىڭگە شەپەق تەپتى،
سەن يەرگە باقتىڭ.
يەرگە باقتىڭ، يۈرىكىمنىڭ —
ئىشىكىنى قاقتىڭ.

1988 - يىل 7 - ئاي

# شېئىرلار

## ھەي بالا

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

كۈن پاتتى، كەچ كىردى، يېپىلدى كۆكۈم،
دېرىزە- بالكونلار يورۇتتى چىراغ.
ھەر ئۆيلۈك داستىخان ئەتراپىغا جەم،
تېلېۋىزور دىللارغا ئەيلەيدۇ خۇشۋاق.
كوچىدا يولۇچى ئازايدى بۇ دەم،
بىر ئۆينىڭ چىرىغى يانمىدى بىراق.

بىر ئۆيلۈك بىر ياققا قىلدىمۇ سەپەر،
نە ئۈچۈن ئۆيدە كۆرۈنمەس ئادەم.
ئاتا ۋە ئانىسى كەتتىمۇ چايغا
بالىسىن ئۇخلىتىپ قويۇپ خاتىرجەم.
ياق، ئەنە دەرۋازا ئالدىدا ئانا
كۆكۈمنىڭ قوينىدا تۇرغىنى نېكەم.

مەيلىنى تارتتىمۇ تۈندىكى سەيلە،
كوچىدا تەمتىرەپ يۈرەر بىر ئادەم.
ئۇچرىسا يولىدا قانداق بىر ئىنسان
قارايدۇ تىكىلىپ قارايدۇ بىردەم.
ئۈمىدتە ماڭىدۇ قايتار ئۈمىدسىز،
ئىزدەيدۇ نېمىنى كېچىدە ھەردەم.

پات- پاتلا شۇ ئادەم ۋە ئاشۇ ئانا،
ئەنە شۇ ئادەتنى قىلىدۇ تەكرار.
ئاتىنىڭ قاپىقى ئېچىلماس بۇ دەم
كېچىلىك سەيلىسى كەلگەنمىكىن ھار.
ئانىنىڭ مېھرىبان كۆزلىرى بۇ دەم
تۇغانسىز دەريادەك ئېلىپ كېتەر يار.

ئۈمىدتە چىقىشىپ قايتار ئۈمىدسىز،
ئەر- خوتۇن بىچارە ئۆيگە كېچىدە.
ئولتۇرار كەچلىك چاي ئۆتمەستىن گالدىن،
ئىشىككە تەلمۈرەر غەملەر ئىچىدە.
كۈتىدۇ كىمنىدۇ كۆزلەر ئۇيقۇسىز،
ۋۇجۇدى ئۆرتىنىپ ھەسرەت ئىلكىدە.

بالىسى قايتمىغان تېخىچە ئۆيگە،
بالىنى كۈتىدۇ كېچىدە بىدار.
دىلىنى كېزىدۇ ئەندىشە ھەر ئان،
مۇشۇ دەرد دائىما جېنىنى قىينار.
بالىسى تېخىچە قايتمىغان ئۆيگە
ئۇ بىغەم نەدىدۇر بىر يەردە ئوينار.

ئانىنىڭ چاچلىرى ئاقاردى بىۋاق،
بىر ئۆينىڭ غېمىنى يەلكىگە ئارتىپ.
ئاتىنىڭ يۈرىكى پىلدىرلاپ قالغان،
قايغۇ ۋە ئەلەمنى يەتكۈچە تارتىپ.
نېمىشقا ئەندىشىدىن قۇتۇلماس ئۇلار،
قاچان غەم تېغىدىن ئۆتەركىن ھالقىپ.

قاچانمۇ ئويۇنغا تويار ئۇ بالا،
كۆزلىگەن مەنزىلگە قاچانمۇ يېتەر.
قاچانمۇ ھاياتتا ئورنىنى تېپىپ
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم ئېتەر.
يەتكۈچە ئاتا ۋە ئانا قەدرىگە
ئاھ ئۇلار كەلمەس بىر دۇنياغا كېتەر.

ئاھ ئۇلار دۇنياغا بولمايدۇ تۈۋرۈك
بىر كۈنى بۇ يورۇق ئالەمدىن كېتەر.
ئاشۇ چاغ بالىمۇ بولۇپ بالىلىق
شادلىق ۋە ھۇزۇرى ئىلكىدىن يۈتەر.
بىر ئۆينىڭ جاپاسى، بالىنىڭ غېمى
ئۇنىڭمۇ دىلىنى پەرىشان ئېتەر.

كۈن پاتتى كەچ كىردى، يېپىلدى كۆكۈم،
دېرىزە، بالكونلار يورۇتتى چىراغ.
ھەربىر ئۆي ئارامدا قايناپدۇ شادلىق،
بىر ئۆيلا پەقەت بۇ شادلىقتىن يىراق.
كۆز نۇرى ئوغلىنى كۈتىدۇ دائىم،
ئويۇنچى ئۇ بالا قايتمايدۇ پاتراق.

# شېئىرلار

## ھوشۇر ئىبراھىم



يولداش ھوشۇر ئىبراھىم 1937 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاچوق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1954 - يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى، 1964 - يىلى شىنجاڭ رادىئو سىغەن داشۆ (ئىشتىن سىرت) سىنىپى پۈتتۈرگەن. 1954 - يىلىدىن ھازىرغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

يولداش ھوشۇر ئىبراھىم 1951 - يىلى «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بېرى جاپالىق ئەجىرىنىڭ مېۋىسى بولغان «باھار ئىشقى» قاتارلىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى، «تاغ پەرىسى» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمىنى، «شىنجاڭ تۇرمۇشىدە كۆرەش» قاتارلىق ئۈچ پارچە دراممىسى، «پۇشايمان» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلدى. «ئايدىڭدىكى ئەزمىلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ يەنە ئوقۇتۇش، تەتقىقات ساھەسىدە ھوسۇللۇق يازغۇچى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» (تېخنىكوملار ئۈچۈن)، «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى.

ئىجتىمائىي شائىر، ئىرىشچان باغۋەن ھوشۇر ئىبراھىم ھازىر ئالىي دەرىجىلىك لېكتور، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇشتىن سىرت، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كومپارتىيە ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

### سېنى ئىزدەپ ...

سېنى ئىزدەپ مەھەللەڭگە جانان،
ئېقىن سۇدەك ئېقىپ كېلىمەن.
چىمەنلەردىن تىزىپ دەستەگۈل،
كۆكرىكىمگە تىقىپ كېلىمەن.

سېنى ئىزدەپ مەھەللەڭگە جانان،
تەلمۈرىمەن، بېقىپ كېلىمەن.
بىز ئوينىغان قىرغاقتا قاراپ،
گويا چوغدەك يېنىپ كېلىمەن.

سېنى ئىزدەپ مەھەللەڭگە جانان،
شوخ دولقۇنلار ئېتىپ كېلىمەن.
ئىزىڭ چۈشكەن تۇپراققا تامام،
قىزىل گۈللەر چېچىپ كېلىمەن.

ئىزدەپ چىقساڭ دولقۇنلارغا باق،
ساڭا سۆيگۈم دولقۇن ئاتىدۇ.
ياشلىقىمدەك قەلبىمگە تېخى —
بىر ئالەمچە سۆيگۈ ياتىدۇ.

دولقۇنلاردىن ئىزدىگىن مېنى،
دولقۇن سىڭگەن تىنىقلىرىمغا.
سۆيگۈڭ بىلەن يۈرەك ئۆرتىنىپ،
شوخلۇق سىڭگەن قىلىقلىرىمغا.

(داۋامى 22 - بەتتە)

# تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

سەبرى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يىلتىزى پەلسەپە، ئۇنىڭ قېنى ئېستېتىكا. ئۇ ئومۇمىي ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي ئۇزۇن ئەمەس (تەخمىنەن ئىككى يۈز نەچچە يىل بولدى). ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قاچان، قەيەردىن باشلانغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن گېرمانىيە ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى، ئۇلۇغ شائىر گېيوتىنىڭ: «ناۋادا شېكسپىر ئەدەبىي تەنقىد پەيدا بولغان بۈگۈنكى كۈندە ياشىغان بولسا، ئۇ شېكسپىر بولالمىغان بولاتتى» (هوفمان «گېيوتىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى سۆزلىرى» دىن) دېگەن سۆزىگە قارىغاندا 17-ئەسىردە ئەدەبىي تەنقىد بولمىغان، گېيوتى بۇ سۆزنى 1824-يىللىرى ئېيتقان، بۇنىڭغا قارىغاندا ئەدەبىي تەنقىد 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن (ئەدەبىيات ھەققىدىكى پارچە-پارچە گەپلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن).

تارىخى قىسقا بولغىنىغا قارىماي ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلەر يارىتىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە خاس سەنئەت، ئەخلاقمۇ يارىتالىغان. ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىنىڭ بۇ قانۇنىيەت، ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن كىتابخانلاردا گۈزەللىك تۇيغۇسى، مەنىۋى ئارام، ئىلھام ۋە چۈشەنچە پەيدا قىلالايدۇ.

لېكىن بىزدە ئېلان قىلىنغان بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇسا ئادەم بىئارام بولىدۇ، كىشىدە يىرگىنىش، بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالنى مەن تەنقىد بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يۈزەلىكى (تەنقىدنى كالتەك دەپ قارايدىغانلار)، ياكى بىلىمىنىڭ يوقلۇقى، ياكى ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقىدىن دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە بىرەر كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە تەنقىد-تەھلىل يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئادەم بىرىنچىدىن ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بىر قەدەر پۇختا ئۆگىنىشى، ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى چۈشىنىشى (ئەڭ ياخشىسى ئاپتورنىڭ سىرداشى، مەسلىھەتچىسى بولۇشنى نىيەت قىلىش)، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشتىن بىر قەدەر ساۋاتلىق بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئۈچ شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپلا مەدھىيىۋازلىق ياكى ئىنكارچىلىققا بېرىلىپ كېتىپ بىرلىرىنىڭ پۇدىكۆچى-مەدھىيىچىسى، يەنە بىر-

لىرىنىڭ دۈشمىنى - تىل - ھاقارەت قىلغۇچىسى بولۇۋالسا بۇخىل ئادەملەرنى «تەنقىدچى» دەپ ئاتاشقا ئادەمنىڭ زادىلا تىلى بارمايدۇ.

بىر ئەسەر ھاياتتىكى بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ھەر قانداق بىر بۈيۈك ئادەمنىڭمۇ ئەيىبى بولغىنىدەك ياخشى ئەسەرنىڭمۇ كەمچىلىكى بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ناچار ئادەمنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقى بولغىنىدەك ناچار ئەسەرنىڭمۇ ئاز - تولا ياخشى يېرى بولىدۇ. ئەسەرلەردىكى بۇ ئىككى ياقىملىقنى بايقاش، كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەنقىدچى ئۆزىدە يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى چوقۇم ھازىرلىشى كېرەك.

«قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە» ناملىق قوپال ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇپ چىقىپ مەن بۇ ماقالىنىڭ «خالىس نىيەت»لىك ئاپتورىغا خالىس نىيەت بىلەن ئىككى ئېغىز مەسلىھەت بېرىشنى لايىق كۆردۈم. مەسلىھەت بېرىشىمدىكى مەقسەت تەنقىدچىگە رەددىيە بېرىش ئەمەس، تەنقىدچىنى ھەقىقىي تەنقىدچى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەن، تەنقىد قىلىنغان «قەشقەر كوچىلىرى» ناملىق ھېكايە تەنقىدكە مۇھتاج، ئۇنىڭ ئەيىب ۋە كەمچىلىكلىرى بار، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەيىبى بار باللىرىنىمۇ سۆيىدىغان مېھرىبان ئانىدەك ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ تىل - ھاقارەتكە ئۇچرىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ قەشقەرگە، خەلقىگە، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋە بۇ پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يارىتقۇچىلىرى بولغان بۇ قەدىمىي شەھەردە ئۆتكەن ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى ئۆزى رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلىيەلىگەن. بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ ھەرگىزمۇ تەنقىدچى دېگەندەك «يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىنىڭ يوق»لۇقى ئىپادىلەنگەن ئەمەس.

ھېكايە قەھرىمانى ئازاتمۇ ھەرگىز تەنقىدچى ھاقارەتلىگەندەك «جاھان كەزدى، پوچى، ۋات - ۋات، كۆرەڭ، شاللاق، تەنتەك» يىگىت ئەمەس، بەلكى ئۇ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە، غايىلىك، ئەخلاقلىق، خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى يىگىت.

ھېكايىدە سۈنئىي توقۇلمىلار ئەتەي قوللىنىلغان، بۇنداق قىلىشقا ئىجادىيەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى يول قويىدۇ. «گراف مونتى كرىستو»، ياكى «بېشى كېسىلگەن چەۋەنداز» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان سۈنئىي توقۇلمىنىڭ ھاياتقا رەڭ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

«قەشقەر كوچىلىرى»دا ئازات ئىسىملىك يىگىت بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنى تاپالماستىن تېنەپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. ئازات ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ياش ۋۇجۇدىنىڭ تەقەززالىقى بىلەن شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ نەرسىگە بولغان مۇھەببەت تەشنالىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى قىز، بىرسى كىتاب-ئىلىم، يەنە بىرسى پۇل. ئۈچ نەرسىگە بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيدۇ، بىر - بىرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن تالىشىدۇ. ھېكايىنىڭ

ئاخىرىدا ئاپتور ئازاتنىڭ ھەم غايە - خىيال ئىچىدە، ھەم رېئال ھايات ئىچىدە
(زىددىيەتلىك ھايات ئىچىدە) ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئازات رېئال
تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئارانلا بىر
يىل ئوقۇيالىغان، ئۇ تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن تىجارەت قىلىشقا بېرىلىپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى يوقاتمىغان، ھەممىلا ئورۇندا
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئەدىب بولۇش ئارزۇسىدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەن.
لېكىن ئۇنىڭ ھەم باي بولۇش، ھەم يازغۇچى - ئەدىب بولۇش ئارزۇسى بۈگۈن
يېرىم رېئاللىققا ئايلىنالمىغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئازات ئەدىب بولۇش ئارزۇ-
سىنىڭ پۈتۈن قەلبىدىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھەسرەت - ئەلەم بىلەن ئەسلەيدۇ.
غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان بۇ زىددىيەت
مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ ھەسرەت - ئەلەملىرىنى پەيدا قىلغان. مەنمۇ
شۇنداق، سىزمۇ شۇنداق، ئۇمۇ شۇنداق. ئازاتقا بۇ ئەلەمنى چۈشەندۈرگەن قەشقەر
كوچىسىدىكى سەبزىرى تەخەللۇسلۇق بوۋاي ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ئەنە شۇ خىل
ھەسرەت - ئەلەملىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ھازىرقى دۇنيادىن
شۇنچە ئارقىدا قېلىشى ھەم ئاشۇ غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

«قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورى ئەسەردىكى بۇ ئىستېتىك
مەسىلىلەرنى زادىلا تىلغا ئالمايدۇ، ھە دېگەندىلا تەنقىد ئەخلاقى بىلەن ھېسابلاش-
ماستىن، يەڭگىللىك بىلەن «يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ سەبرى تەخەللۇسىدا ئېلان
قىلغان ئەسىرى» دەپ باشلايدۇ. ھېكايە ئاپتورى ئۆز ئەسىرىگە «زوردۇن سابىر»
دەپ يازمىغان تۇرسا، تەنقىدچىنىڭ ئاپتورنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىشى نورمال
مەتبۇئات ئەخلاقىغا خىلاپ، بۇ بىر خىل قوپاللىق، شەخسنىڭ مەخپىيەتلىكىگە چېقىلىش
ھېسابلىنىدىغان ئىش. ھەتتا ئاپتورنىڭ «سەبرى» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ ئويلىنىپ
تىلغا ئېلىشى كېرەك. تەنقىدچى «قەشقەر كوچىلىرى» دېگەن ھېكايىنى تەنقىد
قىلماقچى ئەمەسمىدى؟ «تەنقىد» بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى «تەنقىد»
قىلماقچى بولغان ئەسەر ئاپتورىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنىڭ شەخسىي ئىززەت - ئىنا-
ۋىتىنى قوغدىشى لازىم، بۇ خىل قوغداش تەنقىد قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئىناۋىتىنى
كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەنقىدچى ماقالىسىنىڭ بېشىدا تەنقىد ئەخلاقىغا قوپاللىق بىلەن خىلاپلىق
قىلىپ «يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يوقلۇقىدىن، بەدىئىي
جەھەتتە ئازراقمۇ ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم» دەپ يازىدۇ، تەن-
قىدچى ئۇقۇم ياساپ چىققۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇقۇم پەيدا قىلغۇچى، ئۆز خاھىشىنى

باشقىلارغا تاڭغۇچى ئەمەس، بەلكى خاھىش پەيدا قىلغۇچى، ئۇ پەلسەپە ئەستېتىكا نوقتىسىدىن ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان ئوبيېكتىنى «ئوپېراتسىيە» قىلىش لازىم، كىتابخانلار بۇ ئوپېراتسىيىدىن «تايىنى يوق» «ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغان» دېگەن خۇلاسىلەرگە ئۆزلىرى كەلسۇن. تەنقىدچى ھەرگىزمۇ بەزى ئاتالمىش «تەنقىدچى» لەردەك سەۋەبسىزلا يازغۇچىنى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى بىلىدىغان ھاقارەتلىك گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك. مانا بۇ «تەنقىد ئەخلاقى» نىڭ بىر ئاددىي ساۋاتى. بۇ «ساۋات» دىن خەۋىرى بولمىغان «تەنقىدچى» لەر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەمەس، ئۆز ھېسسىياتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ يازغۇچىلارنى، پېرسوناژلارنى ھەتتا ئەسەرنىڭ ئىسمىنى ئورۇنسىزلا قارىلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا بۆھتان-ئۇيدۇرمىلارنى چاپلايدۇ. «قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورىمۇ بۇ خىل نۇقساندىن خالىي بولالمىغان؛ مەسىلەن: ئەسەر ئۈستىدىكى تەھلىلىنى كۆرۈپ باقايلى: «كېپىكنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستامبۇل، بۇداپېشت، بۇخارېست، بېلگراد، ۋارشاۋا، ۋېنا، رىم، باغدات، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زوۋانسىز يۈرۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنى مىڭ قىلىپ يۈرگەن ئوغۇل بالىمەن، ئەمدى كېلىپ سېنىڭ قەشقەرىڭدە ئېزىقىپ قالارمىدىم...».

ئازاتنىڭ ھەدىسىگە ئەركىلەپ ئېيتقان بۇ گەپلىرى قارىماققا چوڭ گەپتەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ راست گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن چەتئەللەردە نەق مۇشۇنداق ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن ئۇچراشقانمەن. ئۇلار ھېچقانداق چەتئەل تىلى بىلمەيدۇ. لېكىن سودىسىنى قىلىۋېرىدىكەن. ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق شەھەرلىرىدە ھەتتا يىراق ئەللەرگىمۇ بېرىپ ئېزىقماي شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈۋېرىدىكەن. بۇ بىر پاكىت. ئازات شۇلارنىڭ بىرسى. لېكىن «يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورى شەخسىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ ھېكايە پېرسوناژىنى ئۆچ كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ئازات ئىسىملىك بۇ پېرسوناژنىڭ ئەسەردىكى پۈتۈن ھەرىكىتى، ئاشكارىلانغان روھىي دۇنياسىنى كۆزەتمەي، تەھلىل قىلماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ھەدىسىگە ئەركىلەپ يېرىدىم راست، يېرىدىم چاقچاق بىلەن ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزىدىن: «بىز بىر پارچە دىئالوگدىن بىز يەنە بۇ جاھانكەزدى سودىگەرنىڭ پوچى، ۋات-ۋات، كۆرەڭ، شاللاق، تەنتەك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. تەنقىدچى بۇ يەردە بىرىنچىدىن پېرسوناژنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا خاتالىققا يول قويغان بولسا، ئىككىنچىدىن «خاراكتېر» ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇسۇلدىكى خاتالىق شۇ يەردىكى ئەسەرنىڭ بىرلا

قەھرىمانى بولغان ئازات شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇزۇن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەدىبىيسىنى ئاشكارىلايدۇ. تەنقىدچى بىر پۈتۈن ۋەقە، بىر پۈتۈن قەھرىمان ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشتىن ھەدېگەندىلا نېمە ئۈچۈن باش تارتىپ «قالپاق ياساش»قا بېرىلىپ كېتىدۇ؟ بۇ تەنقىد سەنئىتىدىكى قوپال بىر خىل ئۇسۇل خاتالىقى.

ئەدەبىي «خاراكتېر» ئۇقۇمىنى كىشىلىك پسىخولوگىيە ئىلمى خاراكتېر بىلەن مىجەز - خۇلقىنى بىر نەرسە دەپ قارىمايدۇ. خاراكتېر ئىنساننىڭ دۇنيا قاراش، مەۋجۇتلۇق بەلگىسىنىڭ ماھىيىتى. مىجەز - خۇلۇق بولسا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئالاقە ئۇسۇلىدا شەكىللەنگەن خاسلىق بەلگىسى. ئۇقۇشلۇق قىراق ئېيتساق، ۋات - ۋات، يەڭگىل مىجەز ئادەملەردىن قەھرىمان، ئىرادىلىك ئادەملەرمۇ چىقىدۇ. مەسىلەن: كرۇپسكايا لېنىننى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە لېنىننىڭ مىجەزىنى يەڭگىل- ئالدىراقسان، تېز رەمۇشتا چېچىلاڭغۇ (مەسىلەن: بىر كاستۇمنى كىيىۋالسا يەڭگۈشلىمەيدىغان) ئىدى دەپ يازىدۇ. لېكىن لېنىننىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىدىكە پۈتۈن دۇنيا ئېقرار. مانا بۇ ئۇلۇغلۇق لېنىننىڭ تۈپ خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى. چاپايېۋ قوپال، ئاغزى يامان، قاتتىق مىجەزلىك، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرى قەيسەر، قەھرىمانلىق. مىجەزى سىلىق - يۇمشاق، ئەدەبلىك ئادەملەردىن خاراكتېرى قەبىھ خائىن، قارا نىيەت، قاتىللارمۇ چىقىدۇ. چېچىلاڭغۇ، ئۇششاق سۆز، ھاراقكەش، ھەتتا ھۇرۇن مىجەزلىك ئادەملەردىن ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان قەيسەر مىجەزلىكلەرمۇ چىقىدۇ. ھاياتتا بۇ خىل مىساللار سان - ساناقسىز.

ئازاتنىڭ مىجەزىدە راستىنلا پوچىلىق بار دېگەندىمۇ بۇ مىجەزى ئۇنىڭ خاراكتېرى بولالمايدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان چۈشىنەلەيدۇكى ئازات ئۆز غايىسى يولىدا تىرىشىۋاتقان يېڭىلىققا - گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى تەلەپچان يىگىت. مۇشۇ تەلەپچان - تىرىشچانلىق ئۇنىڭ خاراكتېر بەلگىسى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. «يېڭى ئەپسانە»نىڭ ئاپتورى ئازاتنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىشتە كىتابخانغا چۈشىنىشسىز بولغان بىر خىل ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى تەنقىد سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان رېئاللىق ئۆلچىمىنىڭ ئورنىغا قويۇۋالغان.

«ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پېچەت - پېچەت پۇل، دوللار، كىتابلار بىلەن ھەمىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۈ دوست ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئازاتنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك، سومكىسىلا ئەمەس، قەلبىمۇ شۇنداق».

بۇ جۈملىلەردە ھەرگىزمۇ تەنقىدچى ئېيتقاندەك يازغۇچىنىڭ «پۇل قارىشى» ئاشكارىلانغان ئەمەس. يازغۇچى بۇ بىرنەچچە جۈملە بىلەن ئازاتنىڭ ھەم كىتاب ئوقۇشقا، ھەم پۇل تېپىشقا بېرىلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، بۇ مەزمۇننى ھەرقانداق كىتابخان چۈشىنەلەيدۇ. تەنقىدچى بۇ جۈملىلەرنى

چۈشەنمىگەن دېيىشىنىڭ ئورنىغا ئەتەي بۇرمىلىغان دېگۈم كېلىدۇ. چۈنكى ئاپتور مۇشۇ سۆزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئاپتورغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارىلاپ «يازغۇچىنىڭ پۇل قارىشى بىلەن بىلىم قارىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس» دېگەن جۈملىلەرنى يېزىپ يازغۇچىنى تولىمۇ بىلىمسىز دەپ ئەيىبلەيدۇ. تەنقىدچىنىڭ نەزىرىدە يازغۇچى پىرىنىڭ رولىنىمۇ چۈشەنمىگەندەك ئۇ تەنقىدچىدىن بۇ ھەقتە دەرس ئېلىشقا ھەقلىق ئىمىش. تەنقىد ئەخلاقىدىن ساۋاتى بار قەلەم ئىگىلىرى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى «ئۇستاز» قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ. تەنقىدچىلەر يازغۇچىلارغا يول كۆرسەتكۈچىلەر ئەمەس، ئۇلار مەسلىھەت بەرگۈچىلەر، كىتابخانلار بىلەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇت مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشقۇچىلار. «... پىرىنى ئۇلۇغ ياكى نىجىس، ياخشى ياكى يامان دەپ قاراش بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۇچىغا چىققان بىلىمسىزلىك». تەنقىدچىنىڭ يازغۇچىنى «ئۇچىغا چىققان بىلىمسىز» دەپ تىللىشىنىڭ ئۆزىلا تەنقىدچىنىڭ تەنقىد ئىلمىدىن تولىمۇ ساۋاتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسەر ئاپتورى ئۆز سالاھىيىتى ۋە ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن خەلق ئىچىدە ئېرىشكەن ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن تەنقىدچىدىن باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقى ھۆرمەتلىگەن ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ!

«قەشقەر كوچىلىرى» نىڭ قەھرىمانى ئازات سەيۇرى ئىسىملىك پېشقەدەم ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچراشقاندا تولىمۇ خۇشال بولۇپ (سەيۇرىنىڭ كىتابخانىسىنى كۆرۈپ) ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتقا بولغان ھۆرمەت - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ قەشقەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەدىپلىرىمىزنى تىلغا ئالىدۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلـ تېتىدا ئاز بولسىمۇ ئوقۇغان، ئىلاجىسىزلىقتىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتـ قان بولسىمۇ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى سۇۋۇمىغان يىگىتنىڭ ئاغزىدىن «سەيۇرى زوھۇرىددىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى ئىدى» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشى تەنـ قىدچىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. ئازاتنى «يەشكەندىن ھېلىلا چىققان لاتا قوچاق» دەپ مازاق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يازغۇچىنى ئەيىبلەشكە بېرىلىپ كېتىدۇ. سودىگەرلەردىن ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ چىقىشى «كۈلكىلىك» دېيىلسە، ھەۋەسـ كارلاردىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ چىقىشىمۇ كۈلكىلىكمۇ؟ مەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان، ھەتتا پۇللۇق بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى «كەسپىي يازغۇچى» قىلىۋالغان تىجارەتچىلەرنى كۆرگەن، قىرائەتخانا قۇرغان، ئەدەبىياتقا ياردەم قىلغان تىجارەتچىلەرمۇ بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى خېلىلا ئوبـ دان بىلىدىكەن. سودىگەرلەر ئوقەتتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دۇغچى، كاۋاپچىلارـ نىڭ قىزىقىدىغىنى باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل دېيىشىنىڭ ئۆزى ئەكسىچە

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قىستايدۇ. مەيۈمكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى كەسپى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئادەملەرنىڭ سۈپەت قاتلاملىرىمۇ كەسپ ۋە ساھەلەر بويىچە پەيدا بولغان ئەمەس، پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە بېغىشلاپ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلىپ فىزىكا ئىلمىدە ئۈچىنچى قېتىم سەكرەش ياراتقان مەشھۇر ئالىم، ئېيىنشتېيىن ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئۇششاق تىجارەتچى» ئىدى. ئادەملەرنىڭ كەسپىگە قاراپ خاراكتېر، تىپ رامكىلىرىنى ياساپ چىقىپ ئۇنى ئەدىبلەرگە رەڭلەش ياكى تېڭىش ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ. ئۇ بىر خىل تەنقىد ئىلمىدىكى زورلۇق - زومبۇلۇقنىڭ مەھسۇلى.

«قەشقەر كوچىلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە بىر قىسىم كىتابخانلارنى قىزىقتۇرۇۋالدى دېگەندىمۇ، بۇ بىر ئادەتتىكى قىزىقىش بولۇپ ھەرگىزمۇ قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ، ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئىستېتىك ھوزۇرلىنىشقا باراۋەر ئەمەس...بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئىستېتىك ھوزۇرلىنىش بىلەن قىزىقىش ھەممىلا ئادەمگە ئورتاق بولغان قاتمال نەرسىمۇ؟ سىزنى تەپرەتلەندۈرگەن ئەسەر باشقىلارنى زوقلاندۇرۇشى مۇمكىن. مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر قىزىققان ئەسەرلەر ئايرىم ئادەملەرنى تەپرەتلەندۈرۈشى مۇمكىن. ئىستېتىك زوق ھەۋەس - ھوزۇرلىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىستېتىك زوق ئېلىش سەۋىيىسى نۇقتىسى ۋە ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئىستېتىك زوقلىنىش نۇقتىلىرىنى تەنقىدچىلەر بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ خالاش كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ. مەشھۇر تەنقىدچىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە كىتاب يازغىنى ئۈچۈن ئاپتورنى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن پېرسوناژلارنى تىللىغان ئەمەس: ئۇلار بىزگە قانداق جايدا ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش، ئەسەرنى قانداق تەھلىل - تەنقىد قىلىش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، تەنقىدچى كىم بولۇپ سۆزلەش لازىم، دېگەن مەسىلىلەردە نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىملەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

«تەنقىدچى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئازاب تەنقىد قىلىنىۋاتقاننىڭ قايىل بولماسلىقى» بۇ بىر مەشھۇر كىشىنىڭ سۆزى.

تەنقىد ئەخلاقىدىن ياخشى بەھرىمەن بولالمايۋاتقان تەنقىدچى قەلەم ئىگىلىرىگە بۇ سۆزنىمۇ تەقدىم قىلماقچىمەن. تەنقىدىي ماقالىڭىزنى ئوقۇغان كىشى سىزنىڭ سەمىمىي «خالىس نىيەت»لىك ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلسۇن، ھەرگىزمۇ سىزدىن تەپرەتلەنمىسۇن. ئەپسۇسكى بىزدە تەپرەت، نارازىلىق پەيدا قىلىدىغان تەنقىدچىلەر خېلىلا كۆپ.

*********

## كىلاسسىكلىرىمىز

# قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر

**مۇھەررىردىن:** قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى دەۋرى (٩ ـ ئەسىردىن ١٤ ـ ئەسىرگىچە) دە يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان مەلۇم مىراسلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىر ـ قوشاقلار سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجىمى جەھەتتە زور بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىلىرى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئېلىپ كېتىلگەن.

شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلار ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن، يەنە بىر قىسمىنى بولسا باشقا تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

شېئىرلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى، تۈرلىرى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېيتقاندا بىباھا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئۆگىنىش، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ـــ ۋەزنى، قاپىيىسى، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ۋە بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، جانلىق ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»، قىسمىدىن بىر بۆلۈك شېئىرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي تەرجىمىسىنى بەردۇق.

## I دالا ناخشىسى

### ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

1. ئۇقاش كەتكەن قاتمۇ ـ قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئورمانلىق تاغلاردا،
ئارتۇچ سۆگۈت ئاستىدا،
(شارقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا.
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا
ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

2. قاتمۇ ـ قات بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا،
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانىياتاندا،

ئىككىز، تىنىك قىيالار تۆۋىدە،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن.
بۈك - باراقسان دەرەخزارلىقتا.
يىگىنچىكە (ئىنچىكە) سۇلارنىڭ بويىدا،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

3. يىراق جىلغا، قاتمۇ - قات تاغلاردا،
سۈيۈملۈك ئارانىياتاندا،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۈن - تىنسىز خالى يەردە.
سەككىز تۈرلۈك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە.
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھۇزۇرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

4. كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا،
كۆڭۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئورۇندا.
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،
داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا،
كىز قاتارلىق قاچىلاردىن خالى بولۇپ،
(ھەممە نەرسە) كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

(يۇقىرىدىكى شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيەدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ شېئىر ستەيىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى» دىن ئېلىندى. نومۇرى: (108) 8212 ·Or، 1 - بەت).

## II مەدھىيە پارچىسى①

1. كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي.
ئاغرىقتا داۋا،
بىلەي (بىلەي تاش) گە سۇ (تۈكۈرۈك) بولاي.

① بۇ مەدھىيە پارچىسى مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركشۇناسلىقنىڭ بېشى ئاتالايدىغان ئېيتقىنىدەك، بۇ مانى دىنىغا دائىر شېئىر ئەمەس.

2. قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئىلىكەمىز (پادىشاھىمىز) سىز،
سىز ئالتۇندەك ساپ،
مەرۋايىتتەك سۈزۈك،
قۇتلۇق، دانا بېگىمىز سىز.

3. سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى،
كەڭ قوينىڭىزدا،
ئۇزۇن ئېتىكىڭىزدە،
كۆيۈنۈپ ئاسراپ مېھرىبانلىق بىلەن باقىسىز.

(بۇ شېئىر تۈركىيەدە چىقىدىغان «تۈركولوگىيە تەتقىقات يىللىقى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1968 - يىللىق سانىنىڭ 3,9—44 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، بېسىم ئاتالاينىڭ «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.)

## III مۇھەببەتنامە ①

1. ئا... ...
بەكمۇ ئامراق...
ئامراق ئىكاردىم ...

2. يارىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن،
قايغۇرغانسېرى قېشى كۆزىلىم (بىلەن)،
قوۋۇشقۇم كېلىدۇ.

3. ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،
ئويلاپ، ئويلاپ تۇرغانسېرى.
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ.

4. باراي دېسەم (يېنىڭغا) ئامرىقىم،
بارالمايمەن (يېرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق)،
مېنىڭ باغرىم.

5. (سېنىڭكىگە) كىرەي دېسەم ئوماقىم،
كىرەلمەيمەن (كىرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق)،
ئىپار ھىدلىقىم.

6. يورۇق تەڭرىلەر ساقلىسۇن،
ياۋاشىم (مۇلايىمىم) بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.

① بۇ شېئىر پارچىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «تۆۋەندىكى ئاپىرىنچۇر تېگىن... [ئاپىرىنچۇر تېگىننىڭ ناخشىسى تۈگىدى...]» دېگەن سۆزلەر بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ شېئىرنى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپىرىنچۇر تېگىن يازغان بولۇشى مۇمكىن.

7. كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ (مەدەت) بەرسۇن،
قارا كۆزلۈكۈم بىلەن،
كۆلىشىپ ئولتۇرايلى.

(يۇقىرىدىكى شېئىر — لېكوكنىڭ 1919- يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. II توپلام، 8—9 بەتلەر.)

## IV پەندى — نەسىھەتلەر

(بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا)

بىلىم ئۆگىنىڭ، ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە ھەمراھ بولۇر.
بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە،
بىر كۈنى دۆلەت يار بولۇر.

بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە،
تاش قىستۇرسا، قاش تېشىغا ئايلىنۇر.
بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،
ئالتۇن قويسا، تاش بولۇر.

(يۇقىرىدىكى شېئىر — W·Bang بىلەن رېشىت رەخمەتىنىڭ 1933 - يىلى ئەنگلىيىدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلغان «قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» دىن ئېلىندى.)

## V ئاتىلار سۆزى

قىلمىغۇلۇق قىلىقلارنى،
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،
ئۆكۈنگەندىن تانىماسلىق كېرەك.

كىر باسقان تونلار كىرىنى،
سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك.
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا،
بۇنى قانداق قىلىش كېرەك.

ئەيىبسىز ئايالىلارغا،
ئەرلەر بويىنىنى ئېگىش كېرەك.
ئۇنداق ئەخلاقلىق (ئايال) بىلەن،
ئۆمۈر بويى ئۆتۈش كېرەك.

ھەقىقەت توغرا بولسا،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
مەڭگۈ چىن ئۇ، مەڭگۈ ئوق①
(ئۇنىڭغا) يەنە نېمە دېيىش كېرەك.

دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول،
ئۇ ساڭا كۆرسىتۇر توغرا يولنى.
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى،
ئۇنىڭ شاخلىرىدا مېۋىسى بار.

پەزىلەتلىك كىشى (گويا) گۆھەرگە ئوخشايدۇ،
پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتۈك ئۇچىدىكى پېتەككە ئوخشايدۇ.

ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى كىشى بۇرخان بىلەن باراۋەر،
ئىنسابسىز كىشى مىس داشقالىغا باراۋەر.

بەگ بولمىغان بەگ بولسا، ھەر دوقمۇشقا بەلگە سالۇر،
ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھەر بىر تاغ ئۆتكىلىگە ماياق سالۇر.

يامغۇر ياغسا يېپىنچاڭنى يېپىنىشىڭ كېرەك،
ياۋۇز كىشى يېقىن كەلسە، ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك،

ئەرنىڭ قۇتى (بەختى) قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا.

(يۇقىرىدىكى شېئىر — رەخمەتىنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلغان «تۇرپاندىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى، 7 - توپلام، 54 - بەت.)

## مانى②غا مەدھىيە

(مانى دىنىغا③ دائىر)

1. بەش تۈرلۈك ئالەمنىڭ ئۈممىدى،

① بۇ مىسرا «ھەقىقەت مەڭگۈ ھەقىقەتتۇر، ھەقىقەت ئاتقان ئوق» دېگەن مەنىدە.

② مانى — قەدىمكى ئىرانلىق زات بولۇپ، مىلادى 216 — 276 - يىللىرى ياشىغان، ئۇ، مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى ھېسابلىنىدۇ.

③ مانى دىنى — مانى ئىجاد قىلغان دىن. ئۇنىڭدا «يورۇقلۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق»تىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ تەكىتلىنىدۇ. «يورۇقلۇق»قا ئېتىقاد قىلىنىدۇ. مانى دىنى مىلادى 7 - ئەسىردە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا باشلىغان، مىلادى 763 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن.

ئارياپىشار ① يىلتىزنىڭ ... چى
ئىستائەتمەن قەلبىمىزدىن (ساڭا) ئېھتىرام،
ھۆرمەتلىمەك، شىرھەرەتلىمەك ئاتىمىز — مانى بۇرخانىمىز.

2. تەييارلاندۇق، سىزگە
چىن كۆڭلىمىز بىلەن يۈكۈنگىلى.
ھەي، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ۋە ئىشەنچىمىز،
(ئەمدى سىز) كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلىڭ!

3. (ئىنسانلار) دائىم دېگۈدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگىنىدە،
(ھېچنېمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.

4. (ئۇلار) ئاچ كۆزلۈكىدىن زەھەرلىنىپ،
ئۆزلىرىنى خاراب قىلىۋاتقاندا،
سىز ئامۇاردىشىننىڭ ② چۆپىدىن،
ئۇلارغا شىپالىق دورا ياساپ بەردىڭىز.

5. ئۇلار غەزەپ دەستىدىن قۇتراپ،
ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندا،
(سىز ئۇلارغا) ئەسلىنى ئەسلىتىپ،
ئۇلارنى ئەقلى - ھوشىغا كەلتۈردىڭىز.

6. سىز بەش ئالەمدىكى جانلىقلارنى،
بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى بىلىملىك قىلىپ يارىتىپ،
پارىنىرۋانغا ③ يەتكۈزدىڭىز.

7. رەزىل نىيەتلىك،
نۇرغۇنلىغان نىزۋانلار،

---

① «ئارياپىشار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

② «ئامۇاردىشىن» — قەدىمكى پارس تىلىدىكى «ئامۇاردىشىن»دىن كەلگەن. گابائىن ئۇنى «توپلىماق» دەپ تەرجىمە قىلغان. («قەدىمكى تۈرك تىلى گراممATىكىسى»، 294 - بەتكە قاراڭ.)

③ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ — ئىككى دىننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوشۇلۇپ كەتكەنلىك ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. «پارىنىرۋان» سانسكرىت تىلىدىكى «parinirvana» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «نىرۋان» بىلەن ئوخشاش، يەنى «غايىبى مەنزىل» دېگەن مەنىدە.

جانلىقلارنى ئەقىل - ھوشىدىن ئازدۇرۇپ،
جانلىقلارغا نۇرغۇن ئازاب كەلتۈرۈپ بەردى.

8. سىز ئالتە ئوغرى ئازدۇرغانلارغا،
چىقىپ - چۈشىدىغان دۇنيانى كۆرسەتتىڭىز.
ئاۋۇش دوزىخىنىڭ ئازابىنى بىلدۈردىڭىز،
گۈزەل بەش قات تەگرى يېرىدە يارىتتىڭىز.

9. سىز قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزدەپ،
ھەممە ئەتراپتىكى ئەل دۆلەتلەرنى كەزدىڭىز.
قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك جانلىقلارنى تاپقاندا،
بىردىنى قويماي قۇتۇلدۇردىڭىز.

10. بىزگە ئوخشاش (يولدىن ئاداشقان) جانلىقلارغا،
ئەۋاگلىئون ① نوم گۆھەرنى تەپسىر قىلدىڭىز.
بىز بۇ گۆھەر نومدىن،
ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپتۇق.

11. ئەگەر (سىز بىزگە) ئاشۇنداق،
گۆھەر نومنى تەپسىر قىلىپ بەرمىگەن بولسىڭىز
(ئۇ چاغدا) بۇ تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت،
پۈتۈنلەي گۇمران بولماسمىدى؟!

12. سىز قۇدرەتلىك بۇرخاندىن كېيىن، بۇ ئالەمگە چۈشتىڭىز،
مىسلىسىز بۇرخان بەختىگە ئېرىشتىڭىز.
تۆرلۈك - تۈمەن جانلىقلارنى،
قاراڭغۇ دوزاختىن بىر يولى قۇتۇلدۇردىڭىز.

13. سىز ھېيلىگەر، تۆھمەتخورلارنى ئايرىپ چىقىپ،
باشقىلارغا پايدىلىق ئىش قىلىشقا سالدىڭىز.
ئازغانلارغا يولچى - يېتەكچى بولۇپ،
(ئۇلارنى) يامان قىلمىشلىق ئالۋاستىلار ئىلكىدىن قۇتۇلدۇردىڭىز.

---

① بۇ كۆپلىچىتىكى باش قاپىيىگە ئاساسەن، بۇ يەردىكى سۆز «ئەۋاگلىئون» ئەمەس، «ئوگلىئون» بولۇشى كېرەك. «ئوگلىئون» مانىلىك مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

14. سىز (جانلىقلارغا) ئالقىش - مەدھىيە ئوقۇتتىڭىز،
ئۇلارنى ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى يەنىپ دۇئا - تالاۋەت قىلدۇردىڭىز،
ئۇلارنى ئاسراپ، ساقلىدىڭىز.

15. دىلى بۇلغانغان جانلىقلار،
بۇ يارلىقىڭىزنى ئىشتىپ،
ساۋاب دەرياسىنى ئاققۇزۇپ،
بۇرخانلار ئېلىدە (قايتىدىن) دۇنياغا كەلدى

16. بىلىمسىز غەيردي نىيەتتىكىلەر،
ساپلىق يولىغا مېڭىپ،
يىغىلىپ تاۋاپ - ئېتىقاد قىلىپ،
ئانوشاگان (؟) ئوردۇدا قايتىدىن تۇغۇلدى.

17. بىز سىزگە — ئالىي ئىلاھىمىزغا،
باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىمىز.
بۇ ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلار،
قايتىدىن نىرۋاندا تۇغۇلدى.

18. (سىزگە) ھۆرمەتكە تولغان كۆڭۈل بىلەن يۈكۈنىمىز:
پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى جانلىقلار،
بالا - قازالاردىن ئۈزسۇن (قۇتۇلسۇن)،
راھەتلىنىدىغان نىرۋاننى تاپسۇن.

(يۇقىرىدىكى مەدھىيە پارچىلىرى W·Bang بىلەن گاباين 1930 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»دە ئېلان قىلغان «مانىخا مەدھىيە»دىن ئېلىندى. بۇ مەدھىيە جەمئىي 123 كۇپلېت، بىز ئۇنىڭدىن پەقەت 18 كۇپلېتنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق).

## ساۋابلىق ئىشلارغا مەدھىيە

(بۇددا دىنىغا دائىر)

1. ئاۋاتانساكا① ئاتلىق بۇددا نوممىنىڭ،
بۇزۇلمايدىغان نوملار ئىچىگە كىرىش دېگەن بۆلىكىدە،

① «AWatansaka» بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى. خەنزۇچە 华严经 (تولۇق ئاتىلىشى 六方广佛华严经) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ۋەلەنخۇا چەچەك ئۈزەكى نېتىكى يارانىغى ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگە» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن بۇدىساتۋالار،
ۋە بىرلىكتەك يىغىلغان ئەل - جامائەت ئارىسىدا،
بۇرخان ئوغلىنىڭ بارلىق ياخشىلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى
مەدھىيىلىگۈچى پەرىشتىنىڭ،
تەڭداشسىز ئېسىل خىسلىتىنى مەدھىيىلىگەن شېئىرىدا،
مەنكى ئاتىساك بەخت تىلەپ،
بۇ ئون تىزىلۇك ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇپ،
بۇ شېئىرنى باشلايمەن.

.2 ھۆرمەتلىك پاسىبانىمىز بەزى چاغلاردا،
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (بەخت ئىزدىگەندە)،
مەشھۇر سۇمېرۇ تېغىنىڭ خانىدەك،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ.
يەنە ئۇ ئاتىمىز جىمجىت سۆكۈتتە،
چازا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەش ھاجەتسىز،
ئۇ ھەرقايسى ئەللەردە تولۇق كۆرۈنىدۇ.

.3 قۇت - بىريانلار① ئىلىكىنىڭ قوتلۇق بەستىدە،
(چىرگىلۇقى) غۇلاچچىلىك كېلىدىغان دۇپ - دۈگىلەك پراۋىشى② بار.
(بۇ پراۋىشى) يۈزىنىڭ قولتى③ يوچانىچە④،
قاتمۇ - قات (نۇر چەمبىرىكى) ھاسىل قىلىپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.
(ئۇ) ئېتىقادچىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن،
(پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ) ئالىي مەنپەئەتى ئۈچۈن
ھەممە ئەتراپتا ھەرىكەتلىنىپ،
قىمىدەك سانسىز ئالەمنى كېزىدۇ.

① قۇت - بۇيان، بەخت - سائادەت مەنىسىدە.
② پراۋىشى: سانسكرىتچە [Parives,a] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، نۇر چەمبىرىكى دېگەن مەنىدە.
③ قولتى (~كولتى)، سانسكرىتچە [KOTi] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، يۈز مىليون دېگەن مەنىدە.
④ يوچان: سانسكرىتچە [YODjANA] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر كۈنلۈك پىيادە ماڭغان يولغا توغرا كېلىدۇ.

4. ئۇ بۇرۇن سارۋارتاسىد ① دېگەن نام بىلەن،
سەكسەن يىل ياشىغانىدى.
يەنە سارتاۋاخى ② (دېگەن) بولۇپ ـ يەرچىنىڭ قىياپىتىدە،
يۈزمىڭ كولتى ئاي يىل ياشىغانىدى.
ئۇنىڭ سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تۆھپىسى،
بۇ چەكسىز زاماندا مەڭگۈ ياشايدۇ.
ئۇنىڭ سان ـ ساناقسىز پەزىلەتلىرى،
سانسارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە مەڭگۈ ياشايدۇ.

5. ئۇ ھەمىشە يۇمشاق كۆڭۈل بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ،
نوم قائىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ،
(شۇنداقلا) تۆرلىنىش ـ ئۆلۈمنىڭمۇ يولىنى بىلىدۇ،
ھەممىنى سېزەر قابىلىيىتى بىلەن.
(نومدىن باشقا) تايىنىدىغان تايانچا يوق دەپ ھېسابلايدۇ.
(ئۇ) ئويغانغانلارنىڭ خانى ۋە دانىشمەنى ھەممىنى كۆرەر،
ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا،
ئۈچ زاماندىكى بارلىق نوملارنىڭ مەنبەسىنى
ئۈزۈل ـ كېسىل بىلىۋالالايدۇ.

6. ئۇ، دۇنيادىكى بىر نۇرلۇق چىراغ،
بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق نوملارنى پىششىق بىلىدۇ.
ھەمدە باشقا بارلىق دۆلەتلەردە،
ئوخشاشلا بۇرخان قىياپىتىدە كۆرۈنەلەيدۇ.
ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى بىر نەرسىگە سىغدۇرالايدۇ،
بىرىنى ھەممىگە كىرگۈزمەك شۇنداق بولۇر.
ئۇ خاسىيەتلىك ئىنتراچال ③ تاۋىرىدەك،
چەكسىز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

7. ئۇ ئۈزۈل ـ كېسىل ئويغانغان ۋە قۇتۇلغانلارنىڭ خانى
چەكسىز يولدا تەمكىنلىك بىلەن ئۈزۈپ ماڭىدۇ.

① سارۋاتاسىد ـــ سانسكرىت تىلىدىكى «sarvarthasiddha» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بۇرخان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىسمى.

② سارتاۋاخى ـــ سانسكرىتچە «Sarthavaha» دېگەندىن كەلگەن بولۇپ، «كارۋان ئىگىسى، سودىگەرلەر خوجايىنى» دېگەن مەنىدە.

③ ئىنتراچال ـــ سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

ئۇ ئون چوك قۇدرەت، تۆت قورقماسلىقنا ئىگە،
ئۇنىڭدا بارلىق تەڭداشسىز ئېسىل نوملار بار.
ئۇنىڭ ھەر بىر ۋەسىيىتى ئوك ئايلىنىپ نۇر چاچىدۇ،
ئۇ ئۆزىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس ئەقلى - بىلىمى بىلەن
ھەقىقىي، مۇقەددەس ۋە ساپ ئۈچ نوم چاقىنى
جاماەت ئارىسىغا ئوكچا يىلا چۈشۈرۈپ ئوكغا ئايلاندۇرىدۇ.

8. (ئۇنىڭدا) يەر - جاھاننىڭ ئۆمىد ئۈنەدىن،
بىباھا سۆزلەر بىلەن تولغان تۆت ئىشەنچ ①،
(ۋە) شىپالىق دورىدەك پىراتتىسا يان بودپات② ،
يەنە ئالىي پارامىتتا قاتارلىق نوملىرى بار.
ئۇ بارلىق جانلىقلارنى سانسارىدىن قۇتقۇزۇپ،
مەڭگۈلۈك شادلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن،
(ئۇلارنىڭ) بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە (قاراپ)
كۆڭۈل يولىدا يېتەكلەپ باشلاپ ماڭىدۇ.

9. مەڭگۈ تىكىلىپ قاراپمۇ قانغىلى بولمايدىغان،
چەكسىز ئىززەت - ھۆرمەتكە ئەرزىيدىغان،
بېشەمسىزغا ئېلىپ كۆتۈرسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدىغان،
يۈزمىڭ كالىپ ③ زاماندا كۈيلەپ تۈگىتەلمەيدىغان،
پاك ۋە ئېسىل نوم گۆھەرلەرگە،
يۈرەك قاتلىمىدىن چىققان ساداقىتىم بىلەن
يۈكۈنىمەن، ساداقىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز،
سىزنى كۆرۈش ئارزۇيۇم ھازىرلا قانسىكەن.

(بۇ شېئىر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بۈيۈك بىر دىتسانىيە مۇزېيىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ 36 -، 37 - بەتلىرىدىن ئېلىندى. شېئىر ئەسلى 14 كۇبلېت بولۇپ، بىز ئۇنىڭ 9 كۇبلېتىنى تاللاپ تەييارلىدۇق. شېئىرنىڭ ئاپتورى — ئاتساڭ دېگەن ئۇيغۇر شائىرى. بۇ شېئىردا ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق نومى بولغان — Atatamsaka سۇتراغا مەدھىيە ئوقۇلغان.)

① «تۆت ئىشەنچ» — چىن ھەقىقەت ۋە ئۈچ گۆھەر (بۇرخان، نوم، راھىب) نى كۆرسىتىدۇ.
② «پىراتتىسا يان بودپات» — سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ئون ئىككى سەۋەب» دېگەن مەنىدە. ئون ئىككى سەۋەب بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە نوملاردا 十二因缘 دەپ ئاتىلىدۇ. سانسكرىتچە «Pratityasamutpada» دېيىلىدۇ.
③ قالىپ (~ كالىپ) — بۇ سۆز سانسكرىتچە [KALPA] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنى يىل، ئاي بىلەن ھېسابلاپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. پۈتكۈل ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ يوقىلىشىغىچە بولغان جەريان بىر KALPA دېيىلىدۇ. ئۇ، چوڭ KALPA، ئوتتۇرا KALPA ۋە كىچىك KALPA دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

# شېئىر ۋە باھا

## كۈتۈش

### پەرھات ئىلياس

ئۇلۇغ ئېچىپ قويدۇم ئىشىكنى...
بەلكىم
كىرىپ كېلەر كەمدۇ بىر مېھمان.
يا بولمىسا يىراق جايدىكى
ئۇنتۇپ كەتكەن بىرەر دوستۇمدىن
كېلىپ قالار خەت.

دېرىزىدىن قاراپ تۇرىمەن...
بىلمەيمەن ماڭا
قۇرۇپ كەتكەن قاقباش سۇۋادان
بۈككىدە بىر ئورمانغا ئوخشاپ
كۆكلەيدىغاندەك.
سىرغىپ ئاققان كىچىككىنە سۇ
بىردىنلا
ھېسسىياتلىق كۆپكۆك دېڭىزغا
ئايلىنىدىغاندەك.

سىلىپ قويدۇم تەمبۇرگە زەر تار...
كېلىدۇ ئامانىسا
ئۆيىمىزگە ھامان بىر كۈنى.
يېقىپ قويدۇم يەنە بىر تال شام
قۇيۇپ قويدۇم بىر پىيالە مەي.
كىرىپ كېلىدۇ ناۋايى چوقۇم
بۈگۈن بولمىسىمۇ ئەتىگىچە
ئۆيىمىزگە شېئىر يازغىلى.
يەنە
ياساپ قويدۇم موخۇركىنىمۇ...

كۈتىمەنا، كۈتىمەن شۇنداق
كەلمەيدىغان يالغانچى ۋىسال
بىچارە ئارمانلارنىڭ
ئاچىسىمۇ بىرىگە قۇچاق
شۇ بەختسىز كۈتۈشلىرىمدىن
بەختلىكمەن، بەختلىك بىراق.

## «كۈتۈش» ھەققىدە

### ئوسمانجان ساۋۇت

ھايات — ئۈمىدلەر دۇنياسى، كۈتۈشلەر دۇنياسى. ئۇ گۈزەللىك، لەۋەنلىكلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. شائىرنىڭ ھەر كۈنى ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويۇپ (قىيا ئەمەس) بىر مېھماننى كۈتۈشى ئۇلۇغ، پاك، قۇدرەتلىك قەلبىنىڭ ئاددىي بىر تۇرمۇش تەپسىلاتىدا پارلاپ يېنىشى.

ئامانىسا ۋە ناۋايى شائىر ئېتىقادىدىكى ھەممىۋا ئىزگۈلۈكنىڭ، ھەممىۋا قۇدرەتنىڭ، ھەممىۋا گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى. ھاياتنىڭ رەڭگى ۋە چىرايى بولغان ئۈمىد ۋە كۈتۈش ئاشۇ تارىخي سىمالار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، شائىرنىڭ گۈزەل-

لىك، چىنلىق، ئىزگىرلىكتە بولغان مەدھىيە ناۋاسى جاراڭلىغان.

بىز شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن شېئىردىكى مەنىلەر ھېكمىتى بەخش ئېتىدىغان ئەمما شېئىردى مۇھىتتا بولمىغان يېڭى مەنىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىمىز. جۇشقۇنلۇق، ئۈمىدۋارلىق، گۈزەللىك ۋە چىنلىقنىڭ تەنتەنىسىدىن پەخىرلىنىش، ئالەم ۋە ئادەملەرگە پارلاقلىق تىلەپ «كۈتۈش» نىڭ مېنىسى.

شېئىردا ھېسسىيات قويۇق، تەسەۋۋۇر كۈچلۈك، ھېكمەت تىرەن. گەرچە قاپىيىسىز يېزىلغان شېئىر بولسىمۇ ئىچكى ئاھاڭدارلىققا ئىگە. تىلىنى يەنىمۇ پىششىق، يۇمشاق، ئىنچىكە ئىشلەشكە بولاتتى. خاس ئىسىم بولسىمۇ نېمىشقىكىن موخۇركا دېگەن سۆزنى ياقتۇرمىدىم.

# مەن سېنى يادلىغان بۇ ئايسىز كېچە

**ئەكبەر سالى**

شام تۈكەر نۇرىنى رەڭسىز تىۋىشسىز،
جىمجىتلىق لەيلىگەن ھۇجرام ئىچىگە.
ئالتۇن نۇر دەستىسى ئۇلىنار دەم-دەم،
قوللاردەك ئۇزىغان كىرپىكلىرىمگە.

سىرغىيدۇ نۇر ئۆپكەن كۈمۈشسىمان كۆي،
قار گۈلى ئېچىلغان كۆزنەكلىرىمدىن.
نۇرلاردىن ياسالغان تۈمەن دەر پەردە،
سويۇلۇپ چۈشىدۇ كۆزۈمگە بىردىن.

توختىماي ئاڭلىنار توپلەي ئاۋازى،
چىرايى تاتارغان تامنىڭ يۈزىدە.
شام تۈكەر نۇرىنى بىغەم سېنىڭدەك،
مەن سېنى يادلىغان بۇ ئايسىز كېچە.

## «مەن سېنى يادلىغان بۇ ئايسىز كېچە» گە باھا:

**باتۇر روزى**

شېئىردا بەدىئىي رەڭگە تويۇنغان مىسرا — «سىرغىيدۇ نۇر ئۆپكەن كۈمۈشسىمان كۆي» دىن ئىبارەت. «سىرغىيدۇ» دېگەن پېئىل «كۆي» نى يوشۇرۇن ھالدا سۇغا ئايلاندۇرغان. «نۇر» نىڭ «كۆي» نى سۆيۈشى شېئىردا تۇيغۇلارنىڭ قوشۇلۇشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، «كۈمۈشسىمان كۆي» دە سەزگۈلەر ئالمىشىشى ئەمەلگە ئاشقان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك شېئىرنىڭ باشقا مىسرالىرىدىمۇ غىل-پال ئۇچراپ قالىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىردا تىلدىكى مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىشتە ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق سىناق ئارقىلىق پۈتۈن شېئىردىكى مەنىۋى كەيپىياتنى خۇددى مۇزىكىلىق ئوبرازغا ئوخشاش تۇيۇق بەرمەيدىغان گىرىمسەن كۆلەڭگىگە

ئايلاندۇرالىغان. بىراق، پۈتۈن شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىلا ئاددىي، تۇيغۇلار ئېقىمىنى بىرلا قىسمىلچاققا سولاپ قويۇلغان. ئاپتور كۆپ قىرلىق، كۆپ لىنىيىلىك، ستروكتۇرلۇق بوشلۇق ھاسىل قىلغان شېئىردى قۇرۇلمىدىن پايدىلانغان بولسا، ئۇ ھالدا تۇيغۇلار ئەركىن يامراپ سويلىميالىغان بولاتتى. شۇڭا شېئىر بىر تارلىق سازدىن ئاڭلانغان مۇزىكىغىلا ئوخشاپ قالغان. بايىقى مىسرادىكى بەدىئىي بالاغەتمۇ شېئىرنىڭ باشقا مىسرالىرىدا ئۇدۇملىشىپ كېتەلمىگەن. شۇڭا شېئىر بىرلا مەرغۇللىنىپ پەسكويىدا چۈشۈپ قالغان، پەسەيگەن سازەندىنىڭ كۈيىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئاپتورنىڭ شېئىر يازالايدىغانلىقىدا بولغان ئىشەنچىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ.

# يىگانە ياڭتاق

### كۆرەش

پايانسىز چۆللۈكنىڭ بوشلۇقلىرىدا،
ھاياجان تەپتىدە قىزىغان ئوت بار.
يىگانە ياڭتاقنىڭ يوپۇرمىقىدا،
گۈلستان باغلارنىڭ سايىسى چاقنار.

توقايدا يوللار بار، ئۇنتۇلغان بىراق،
كەلكۈننىڭ ئىزىدە قالمايدۇ ئۆتمۈش.
كېچىدە چاقنىغان ئاق نۇردەك ئاپئاق،
بار يەنە ئۈمىد ھەم مەڭگۈلۈك كۈتۈش.

ئۇچماقتا بۇ يەردە كەپتەرلەر ھارغىن،
داڭقالنىڭ ئۆيىگە كىرمەكتە كۆكۈم.
ئەتراپتا قىپقىزىل نۇر چېچىپ گويا،
تۇرغاندەك تۇيۇلار مۇشۇ چاغ ئۆلۈم.

چۆللۈك بۇ — قەلبىم ھەم ئۇيقۇغا پاتقان،
(ئەڭ ئېغىر ھارغىنلىق قويغان ئۇخلىتىپ.)
يىراقتىن شامالنىڭ شەپىسى كېلەر،
چۆللۈكنىڭ ئىزىنى ئاستا ئويغىتىپ.

## «يىگانە ياڭتاق»نى ئوقۇپ ئويلىغانلىرىم

### ئەزىزى

ياڭتاقنىڭ يىگانىلىكى ئاپتورنى شېئىردى مۇھىتقا باشلاپ كىرىپ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تىنىق ھالەتتىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق — چۆلنى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېسسىي مەنىگە ئىگە ئوبرازغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا «داڭقالنىڭ ئۆيىگە» كۆكۈمنىڭ كىرىپ كېلىشى، «شامالنىڭ شەپىسى»نىڭ «چۆللۈكنىڭ ئىزىنى» ئويغىتىشى شېئىردا يېڭىچە جانلىق مەنا قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنى مەلۇم جەھەتتىن شېئىردىكى ئۇتۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق ئاپتور، بەزى قېلىپلاشقان تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە سۆزلەرنىڭ ئۇقۇملاشقان مۇناسىۋەت شەكلىدىن قۇتۇلالمىغان. مەسىلەن: 1 - كۇپلېتنىڭ 3 - ، 4 - مىسراسى، ئاخىرقى كۇپلېتنىڭ 1 - ، 2 - مىسراسى.

مېنىڭچە، 3 - كۇپلېتنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىردىكى لىنىيىگە ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. يەنە شېئىردىكى «چۆللۈك» دېگەن سۆزدىكى كۆپلەك قوشۇمچىسى بوغۇم ئېتىبارى بىلەن ئېلىنمىغان بولسىمۇ ماڭا ئانچە ياقمىدى.

# ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

## تامچىلايدۇ تامچىغۇ كۈيلەر

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى



1968 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1991 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغان. ھازىر «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىيات مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. 1983 - يىلدىن بۇيان «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 40 پارچىگە يېقىن شېئىر، ھېكايە ۋە ھەر خىل تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلغان. بۇ ياش ئاپتورنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «كۈلۈمسىرەش» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى يېڭىلىقى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان.

### بىلىنمىدۇ سېھىرلىك بىر چۈش

مۇڭلىنىمەن شۇنداق ئۆزگىچە،
خىياللىرىم بوغۇشلانغان قۇش.
سېغىنىمەن لەتەپ گۈلۈمنى،
دىدارى يوق بۇ پۇرسەت ئەپسۇس.

ئۈستەلىمدە ياپيېشىل ياپراق،
بويۇن قىسقان شۇ قەدەر مەيۇس.
تاملاردىكى شاھانە سىزما،
تۇرسىمۇ گەر شۇنداق گۈزەل - ئۈز.

بىر ھېلىلا ئۇچراشقان تېخى،
بوسۇغىمدا دېيىشكەن ھەم «خوش!..»
شۇنداقتىمۇ تاقەتسىز يۈرەك،
بىلىنمىدۇ ھەممىدىنمۇ بەك —
ئۇلار گويا سېھىرلىك بىر چۈش.

### ياپراقلاردا شىلدىرلايدۇ كۈي

ياپراقلاردا شىلدىرلايدۇ كۈي،
شۇنچە ئوماق، شۇنچە بىھېساب.
شاماللارغا ئەركە قوشماق ئىز —
لىرىكىغا تەڭكەش مۇشۇ تاپ.

قىز چېھرىگە سۈۋۈلغانمۇ تاڭ،
نۇر قوينىغا بۆلەنگەن ئەتراپ.
ئۈزۈپ يۈرەر ئەركىن، بەھۇزۇر،
كۆكتە بۇلۇت، يەردە ئىزتىراپ.

كۆلدانمىدۇر ئورۇندۇق يېنى،
موخۇركىغا بېرىلگەن يىگىت.
قىز يۆلەنگەن تېرەك غولىغا،
جۈپ كۆزىگە ئويۇلغان چېكىت.

ياپراقلاردا شىلدىرلايدۇ كۈي،
بىردە لەرزان، بىردە جىمجىتە،
بىراق، شۇتاپ ئۆزگىچە بىر كۈي،
ئورۇندۇق ۋە تىرەك تىڭشۇيدۇ.

## ئۆتۈپ قالساڭ قەبرەم يېنىدىن

ئۆتۈپ قالساڭ قەبرەم يېنىدىن،
ئۆكۈنمىگىن ئازابتا مەڭدەپ.
كىرپىكىڭ نەم، سۈكۈتتە تۇرما،
جىمجىتلا كەت، يېنىڭچە دەسسەپ.

گۈل بەرگىمۇ چاچما ئۈستۈمگە،
ياپراقلارنى قالدۇرۇپ يالغۇز.
ئارام بېرىپ دەردلىرىڭگە ئۇ،
دېرىزەڭدە ياشنىسۇن بىر ئۈز.

كەسمە يەنە زەيتۇن شېخىنى،
كېتەرمۇ دەپ مېنى مۇڭلىنىپ.
كۆكلەۋەرسۇن ھويلاڭدا ئۇمۇ،
يىلتىزلىرى قالمىسۇن قۇرۇپ.

شۇ ئەتىرگۈل، زەيتۇن كۆچىتى،
مىراسىم بوپ قالسۇن بىر ساڭا.
مەن ئورنىدا كۆرسەڭ ئۇلارنى،
ئەڭ مۇقەددەس تەسەللى ماڭا.

## كېلىدۇ سېغىنىپ مەسۇمە بىر قىز

شاخلارمۇ يالىڭاچ، زېمىن يالىڭاچ،
ھېلىملا يۇيۇلغان بېلىقتا ئوخشاش،
ئۆكسۈيدۇ پەقەتلا يالغۇز يوپۇرماق،
لىغىرلاپ تۇرۇشى بەئەينى كۆز ياش.

بولۇتلار بوپقالغان يۇمشاق سېلىنچا،
دەردلەنگەن چاتقاللار قالغان ئازدىيىپ.
كېلىدۇ ۋىچىرلاپ مەيۇس بىر قۇشقاچ،
ئۇۋىسى كەتكەنمۇ ۋە يا تارىيىپ.

يوپۇرماق، يوپۇرماق — يالغۇز، بىچارە،
باردۇ چايقىلىپ لەرزان ۋە ئاجىز.
كۆكسىگە چىڭقىلىپ سىڭغان ئويلاردىن،
كېلىدۇ سېغىنىپ مەسۇمە بىر قىز.

## ئېسىمگە ئەپپاقسالاڭ چۈشتەكلا كەچمىش

ئېسىمگە ئەپپاقسالاڭ چۈشتەكلا كەچمىش،
جىگدىلەر غولىدا قالغان سىزۋۇنۇش.
يېنىمكىچە: تارتىلغان، ئوخچىغان كۆكسۈڭ،
مەگزىڭدىن كۆچكەندە تۇنجى قورۇنۇش.

لېۋىڭگە تامغاندا ئاچچىق تەر ھىدى،
تېپىلمەسلىك سىرقىراپ لەرزىن ئازابتىن.
ئالەمگە شۇ پەيت ئۆزۈڭلا تەڭرى،
يىگانە پىچىرلاش ساڭا ئەتراپتىن.

كەلمىدى قايتىلاپ ئۇ چۈشلەر بىراق —
باغرىڭنى ئىسسىتىپ تۇرالار بىر ئوماق.
تەكچىدە سولاشقان جىگدىنىڭ چېچىكى،
كەلمىدى قايتىلاپ ئۇ چۈشلەر بىراق.

# شېئىرلار

## پەرھات ئىلياس

### گۈدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق

بېغىمىزدا بار ئىدى بىر كۆل،
ئاسمان ئۇنىڭ شولىسى ئىدى.
يۇلتۇزلار ئۇ رەھىمسىز جۇدۇن
تۆكۈۋەتكەن ئالما چېچەكنى
ئۇخلىمايتتى ئويقۇچان تۈڭلۈك،
بىز ئۇخلايتتۇق، قىلاتتى كۆزەت.

تاماكىنى تولا چېكەتتى
دۈمچەك بولۇپ قالغان تۇرخۇنلار
دەردنى تولا تارتقان دادامدەك.
كۆدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق...
كۆلنى كۆرسەم چوڭ ئىكەن دەيتتىم.
چېچەكلەرگە قەبرە ياسايتتىم
ئىگىز - ئىگىز چوققىلار كۆرسەم
ئانا يەرنىڭ ئەمچىكى دەيتتىم.
سۈتى بەكمۇ كۆپ ئىكەن دەيتتىم
ئۇنى كىممۇ ئىمەركەن دەيتتىم.
خاتا ئېيتتىڭ دەپ قويسا بوۋام،
خاپا بولۇپ
ئۇنتۇلغىچە قېيداپ يۈرەتتىم.
ئىشەنمەيتتىم ھېچبىر كىشىگە
ئىشىنەتتىم پەقەت ۋە پەقەت
ئۆزۈمنىڭلا كۆدەكلىكىمگە.

كۆدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق:
تاشلارنىڭمۇ ئۆيى بارمىدۇ؟
ياپراقلارمۇ سايرامدىغاندۇ؟
چۈمۈلىلەر مەشرەپ ئۆتكۈزسە
قانداق سازنى چالىدىغاندۇ؟
بۇلۇتلارنىڭ باغرىلىرىنى
تىلمۈرتسە ئۇچلۇق چېقىنلار
ئازابلىنىپ يىغلامدىغاندۇ؟
مەن بولسامۇ يىغلىماس ئىدىم،
ئوغۇل بالىلىقىمنى بىر
بىر كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم.

كۆدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق:
ئورمانلارنى كىملەر تىرىغان؟
كىملەر ئۇنى كېتىدۇ يۇلۇپ؟
مومام قاچان چوڭ بولدىكىن؟
مېنىڭ بىلەن تەڭ بولدىكىن؟
ئاپام قاچان تۇغۇلدىكىن؟
دادام قاچان تال چىۋىق مىنىپ،
ماڭا ئوخشاش
«جەڭ» قىلغىلى باردىكىن؟

كۆدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق:
يېلىڭ ئاياغ قارلار كېچەتتىم.
ماڭا سوغۇق ئۆتمەيدۇ دەيتتىم
قىش بوۋاي بولمىسۇن دەيتتىم،
نەقىش قىلىپ كۆدەك ھېسلارنى
دېرىزىگە ئويۇپ قوياتتىم.
باتۇر بالا بولىمەن دەيتتىم
ئاچچىقلىنىپ كايىسا دادام
گەپلىرىگە قۇلاق سالمايتتىم.
ئەمما، دادام ئۇخلاپ قالغاندا
تىكەن ئوخشاش بۇرۇتلىرىغا
ئاستاغىنە سۆيۈپ قوياتتىم.

كۆدەكلىكتە ئويلايتتىم شۇنداق:
دۇنيا مېنىڭ ئويۇمچە دەيتتىم
ئۆيلىرىمنىڭ
بىرىنىمۇ خاتا دېمەيتتىم.
بەگباش ئىدىم،
بەگباش دەيتتى مېنى ھەممىسى.
ئىشەنمەيتتىم بىرەرمۇ كىشىگە
ئىشىنەتتىم
پەقەت، كۆدەكلىكىمگە.

× ×

بېغىمىزدا بار ئىدى بىر كۆل،
ئاسمان ئۇزنىڭ شولىسى ئىدى.
يۇلتۇزلار ئۇ رەھىمسىز جۇدۇن
تۆكۈۋەتكەن ئالما چېچىكى.

## شائىر ۋە كېچە

كۈندۈزى
شائىر ئوخشار مۇسىبەت چالغا،
لېكىن تۈن كېچە
ئايلىنىدۇ كۆدەك پالغا،

كۈندۈزى ئۇ
بەڭگىلەرچۈن سەرەڭگىدۇر بەس،
لېكىن تۈن كېچە
ئايلىنىدۇ ئۇ يانار تاغقا.

كۈندۈزى
ھېچنېمىسى يوقتۇر شائىرنىڭ،
لېكىن تۈن كېچە
جىمى ئالەم قالار ئۇنىڭغا.

كۈندۈزى
سەرسان يۈرگەن خازاندۇر شائىر،
لېكىن تۈن كېچە
ئايلىنىدۇ ئۇ بىر تەگرىگە.

## ئۆتەك

يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ
غەمگۈزارى ئۇ،
بىراق ھېچكىمنىڭ ۋەتىنى ئەمەس.
كېلىدۇ...
كېتىدۇ...
ھېچكىم ئاڭا بىرەر گۈل تىكمەس.

ھەممە ئادەم ئۇخلايدۇ ئۇنىڭدا
قىزدىق - قىزدىق چۈشلەرنى كۆرۈپ،
لېكىن ئۇنى ھېچكىم چۈشىمەس.

قەدىمكى بىر كارۋاننىڭ
چۈشۈپ قالغان كولدۇرمىسى ئۇ...

## ئىسمسىز دۇنيا

بالىلىقىم
ئېلىپ كەلدى ماڭا كۆپ ئازاب،
شۇڭلاشقىمۇ
يوقاتتىم بالىلىقىمنى.
تۇغۇلۇشنى ئويلايمەن قايتا
ۋە ھەممىگە
يېڭى ئىسىم قويۇپ چىقىشنى.

## ئويقۇلۇقتىكى ئارچا

سىزۇككىنە ئاي نۇرىدا سۈزۈك بىر ئۈمىد،
كۆمۈش رەڭلىك چۈش كۆرىدۇ زۇمرەت ئارچىلار.
تۇمانلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن سۆيگۈ ياشلىرى
كۆمۈش رەڭلىك كىرپىكلەردە خۇشال يالتىرار.

ئۇ ئويلايدۇ تۇمانلارنى، تۇمانلاردىكى
تۇمانلاردەك غۇۋا ئۆتكەن بىھۇش ھېسلارنى.
ھىجرانلارنىڭ كۆزلىرىدىن باشلانغان تاڭنى،
ۋە ياپراقنى چۈشەپ ياتقان مەسۇم قىشلارنى.

ئەھە، ئارچىلار، كۆڭۈل كەبى پىنھان ئارچىلار —
ئۈنسىز ناخشا، يولسىز سەپەر، سەبى ئىبتىقاد.
چېنىق يېمىنانچە باھار كەبى كىرپىكلىرىڭنى
باھاردىكى تۇمانلارنى ئىبتەر دائىم ياد،

# قارىچۇقتىكى سۈرەتلەر

مۇختار سۈپۈرگى

## مۇزنى يېرىپ ئېچىلار چېچەك

ئۈچرىشىشنى ئىزدىمىگەن بىز،
ئۇچراشتۇردى چاقچاقچى تەقدىر.
كىرپىكلىرىڭ ئوق ئۈزۈپ ئۇتلۇق،
ئالدى ئىشقىڭ سۆيگۈمنى ئەسىر.

ئۈچرىشىشنى ئىزدىدۇق بىز تەڭ،
نىگاھلاردا نازۇك كۆلەڭگە.
خىيالىمدا نۇرلىنىپ ئەتەڭ،
ئىلھامىمغا ياقتى سەرەڭگە.

بىزنى تارتقان پىنھان سەيلىگاھ،
پەخىرلەنسە سۆيۈشلىرىڭدىن.
كېپەنلەرمەن تەشۋىشلىرىمنى،
قۇچىقىمدا كۆيۈشلىرىڭدىن.

سۆيۈش نېمە، سۆيۈلۈش نېمە؟
قار ئۈستىدە قالار ياندىش ئىز.
مۇزنى يېرىپ ئېچىلار چېچەك،
سۆيۈشۈشنى ئىزدىسەكلا بىز.

## ساڭا قاراپ بوغدى يىغا گېلىمنى

ئوقۇپ كەتتىڭ ئۆزگىلەردىن يوشۇرۇپ،
زارىققاندا يېتىپ كەلگەن بىر خەتنى.
كۆرمىسەممۇ بىلدىم سىرنى ئۇندىكى،
باشلاپ كەلگەچ چىرايىڭغا ھەسرەتنى.

ئوقۇغاچ ئىستىمىڭ بىلگەن بولساڭ، ھەي ئىسسىت،
شاد كۆڭلۈڭنى قىلىپ مۇنچە پەرىشان.
كاشكى، يولدا چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ،
بىرنەچچە قاتتىق ياش تۆكمەستى كۆك ئاسمان.

يىرتىۋەتكىن، ئۇنى دەرھال يىرتىۋەت،
ئۆزگە بىرسى ئۇنى ئېچىپ كۆرمىسۇن.
ھەر نە قىلساڭ دوست-دۈشمەنلىك جاھان بۇ،
ھازازۇللار «خوپ بولدى» دەپ كۈلمىسۇن.

ساڭا قاراپ بوغدى يىغا گېلىمنى،
ئورنى بارمۇ ئۆكسۈپ بىللە يىغلاشنىڭ.
بىلسەڭ ئەگەر ۋاپا گۈزەل — سەن گۈزەل،
نە ھاجىتى دەردتە دىلنى تىلغاشنىڭ؟!

## چۈشتىكى ئۇچرىشىش

چۈشەپ قالسام، چېچىڭنى تاراپ،
قويدۇم شېئىر ياستۇقنى ئۆرۈپ.
لەۋلىرىڭدىن ئىزدەپ خۇلقىڭنى.
ئالدىم سېنى باغرىمغا كۆمۈپ.

سەھەردىكى قىزغۇچ جىلۋىدە،
ماۋزۇسىنى كۆردۈم چۈشۈڭنىڭ.
نوتىسىغا قالدىم ئايلىنىپ،
يۇلتۇز ساناپ تۆككەن كۈيۈڭنىڭ.

## يېگانە بىر ئۆي

### ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

بېلى سۇنغان يېگانە بىر ئۆي...
ئۆي ئىچىدىن
ئۇچۇپ چىققان دەردلىك ناخشىلار،
يېتىلمەستىن بىرەر قۇلاققا
يوردىدۇ تىنەپ.

## ئىككى شېئىر

### ئەكبەر سالى

#### تۇغۇلغان كۈنلەر

خاتىرىلەپ ياقىمىغان ئۆمرۈمدە بىر رەت
ئۆزۈمگە تۇغۇلغان ئېنىر كۈنلەرنى
يېنىمىدىن ئۆتكەچكە سانسىز يولۇچى
ئويلاشقا ۋاقتىمىز يەتمەس ئۆزۈمنى
ياقىمىغان مەن ياققان كۆرۈمسىز نۇرلار.
كۆك مېزدەك ياشارغان ئۇسسۇزلۇقۇمغا
بىر تالاي تۇغۇلدى تۇغۇلغان كۈنلەر.
ئاھ، شۇنچە ھەسرەتلىك تۇيۇلدى ماڭا
ئۆمرۈمدە تىللاندى تۇغۇلغان كۈنلەر
مەن يەنە بىر ساڭا تىلىدىم ئېھسان
تەنلىرىم جۇغۇلدار يىرتىلسا بىراۋ
تۇغۇلغان كۈنلەردىن چۆچۈيمەن يامان
بىر دەقىق ئىچىدە تەۋەللۇت بولغان.
تۇغۇمغا ھامىلدار رەھىمسىزلىكنىڭ
ئارقىڭغا ئەگىشەر مەنىسىز كۆزۈم.
بىر - بىرلەپ دەردلىنەر ئاياغ ئىزلىرىدىك
رەت قىلدىم سورىما مەندىن يېنىشلاپ.
ياشلاردا نەمدەلگەن تۇغۇلغان كۈنلەر
مۇشۇ كۈن بىر قەدەھ ئىچكىن تۇختىلىپ
باشقا چاغ مەن ئۆتەي دەردكە بوغۇلۇپ...

#### يېزىلمايدىغان شېئىر

(فېۋرالنىڭ 14 - كۈنىگە نەزىرە)

فېۋرال ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئىدى،
بىردىنلا تاراڭلاپ چېقىلدى روھىم.
كۆيلەرگە تىۋىنىپ قالغان يوللارغا،
ئېغىر بىر سۈكۈتنى قالدۇردى ئىزىم.

ئۇ كۈنى ئەمدىلا ئېچىلغان سەھەر،
خوش دېگەن سۆز بىلەن قالدى تېگىرقاپ.
لېۋىمدىن ئۆچمىگەن مەۋھۇم پىچىرلاش،
ئاستىلا تۈزۈدى كۆز ياشقا ئوخشاپ.

مۇئەمما ئۇنۇپتۇ باسقان يوللاردا،
بولدى مەن يالغۇزلا چېكەيچۇ ئازاب.
سەن مەندىن ئاغرىنما، مەنمۇ شۇنداق ھەم،
شوخ كۈلكەڭ باغرىدا قالاي مەن ياشاپ.

## ئىككى شېئىر

### ئابدۇللا تۇردى

1

شېخى ئالتۇن يىلان قارىغاي،
پەيغەمبەردەك ئۆسكەن بېجىرىم.
ياپرىقىمغا سۆيسە كۈمۈش ئاي،
ئويغانمىغان زەررە ھېس - سېزىم.

ئويغانمىغان زەررە ھېس - سېزىم،
پەرىشتىلەر باقسا خۇش چىراي.
ئىزتىراپتا يۈرەر بېسىتىپىنىم،
قارا قۇياش قۇدرىتى تالاي...

2

كېتىسەن تەبەسسۇم كۆرسەتمەي زىنھار،
ئىزتىراپ ئىلكىدە قالىمەن تەنھا،
شۇندىمۇ مۇزلىماس تومۇرىمدا قان.
مۇبادا سۆيگىنىنى ئەيلىسەم ئىزھار،
ئېھتىمال يېڭى دەرد بولىدۇ پەيدا،
ياشايمەن يىڭىدىنمۇ بەكرەك پەرىشان.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، ياسەن تاش يۈرەك!؟

سەن ماڭغان يوللارغا قارايمەن بىر-بىر،
ئۇچراتسام دىل تەشنا سىيمايىڭنى دەپ.
بىلمىدىم بار سەندە قانداق سىر - سېھىر،
قالدىمۇ مېھرىڭنى ئۈزەلمەي ئەجەب.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

ھەر سۆزۈڭ، ھەتتاكى ھەربىر ئىشارىتىڭ،
قالار دىل خانەمگە بولۇپ ئايىدە.
سۆزۈمگە ئىشەنمىش ئۆز ئىختىيارىڭ،
ساڭا خاس سۆيگۈمنى چىن دە يا دېمە.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

ئۇماق، شوخ كۈلكەڭگە دىلىم ئىنتىزار،
ۋە لېكىن سەن ماڭا باقمايسەن كۈلۈپ.
شۇندىمۇ يۈرىكىم سېزەر ئىپتىخار،
ئاشۇ شوخ ئىشارىنى تەبەسسۇم كۆرۈپ.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

كىرپىكلەر جۇپلەنمەي ئېتىپ كېتەر تاڭ،
ھەم شېرىن ھەم ئاچچىق خىياللار بىلەن.
ئاھ شۇنداق ئازابتا ياشايمەنمۇ تالاي،
ئازابقا يا بىر كۈن پۇچامسەن كېيەن؟!
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك!..

## ئىككى شېئىر

### يادىكار

#### خۇددى يوق بىر كۆي

1

بىر كۈلبە
كىچىككىنە شارسىمان كۈلبە
تىكەر كۆزىنى يىراققا
يىراقتىكى
مايقۇڭغۇزىغا...

2

كونىرىغان
تىنچىسىز

چولاق تام
گىرە - گىرە، تاتارغان چىغىر!

3

«ئادەم» ئىسلىق يىرتىق چاپىنى
«ھاۋا» ئىسلىق چاڭ باسقان
كونا كۆڭلىكى
ئىلىنغان
ياغاچ قوزۇققا...

#### نەۋرۇز

قۇرتلار
كۆتۈرۈپ

يەردىن بىخشەنى
بىلىگە ئېسىپ
يۇرۇپ كەتتى
قوغۇش نىپىسىنى...
قۇشلار لەپپەمدە،
ھويلامدىكى غۇژمەك دەرەختە
ئولتۇرۇۋېلىپ
ئېيتىۋاتىدۇ
ئاجايىپ ناخشا!

شاماللار
تىلىنىۋېلىپ قۇياشتىن بىر گۈل
سانجىپ قويدى
دېرىزەمنىڭ زاماسكىسىغا...

سۇلار
بىر تەبەسسۇمدا
چاقنىغان سايدىن،
باشلىنىۋالدى
كۆكلەم ناخشىسى.

سەھەردىلا
قىزلار- يىگىتلەر
كەتكەنەدى ئېتىزلىق تامان
يىراق، ئايدىڭدا
كېلىۋاتىدۇ مۈرىسىدە
ئاينى كۆتۈرۈپ.

# ئەقىدەم بار ئۆز يارغا

## غەيرەت ئابدۇراخمان

ئۆز يار دېگەن ئالتۇن بويي، ئۆز يار دېگەن پەرىشتە،
ھەر تىنىقى ئىچىدە مىڭ جەننەتنىڭ ھۇزۇرى.
بىر سائەتلا باغلانغان سۆيگۈ، ۋىجدان، ئەقىدە،
ئۆز يار بولسا پاك، مەسۇم يۈكسەك كىشى غۇرۇرى.

ئۆز يارىم بار قەددىمنى تاغلار كەبى كۆتۈرگەن،
مېھرى ئۇنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ سۇلتان- پادىشاھ.
ئۆز يارىم بار رەقىبنى تۈمەن غەمگە چۆكۈرگەن،
ئىغۋالارغا سۆيگۈمىز، ئەقىدىمىز قەبرىگاھ.

ئەقىدەم بار ئۆز يارغا ئاڭلا بۇنى ئەي جاھان،
ئۆز يار بىلەن يېتىمەن شادلىقىمغا، ۋىسالغا.
باسسىمۇ گەر ئالەمنى تۈمەن تۈرلۈك يەل-توپان،
جاۋابىم شۇ ئۆزگىلەر قويغان غەيرىي سوئالغا.

********

ئۇيغانمىغان زەررە ھېس - سېزىم،
پەرىشتىلەر باقسا خۇش چىراي.
ئىزتىراپتا يۈرەر بېسىتېنىم،
قارا قۇياش قۇدرىتى تالاي...

2

كېتىسەن تەبەسسۇم كۆرسەتمەي زىنھار،
ئىزتىراپ ئىلكىدە قالىمەن تەنھا،
شۇندىمۇ مەزلۇماس تومۇرىمدا قان.
مۇبادا سۆيگۈمنى ئەيلىسەم ئىزھار،
ئېھتىمال يېڭى دەرد بولىدۇ پەيدا،
ياشايمەن بىزنىدىمۇ بەكرەك پەرىشان.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، ياسەن تاش يۈرەك!؟

سەن ماڭغان يوللارغا قارايمەن بىر-بىر،
ئۇچراتسام دىل تەشنا سىيما يىڭنى دەپ.
بىلمىدىم بار سەنىدە قانداق سىر - سېھىر،
قالدىمغۇ مېھرىمنى ئۈزەلمەي ئەجەب.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك.
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

ھەر سۆزۈڭ، ھەتتاكى ھەربىر لىنگاھىڭ،
قالار دىل خانەمگە بولۇپ ئابىدە.
سۆزۈمگە ئىشەنمىش ئۆز ئىختىيارىڭ،
ساڭا خاس سۆيگۈمنى چىن دە يا دېمە.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

ئوماق، شوخ كۈلكەڭگە دىلىم ئىنتىزار،
ۋە لېكىن سەن ماڭا باقمايسەن كۈلۈپ.
شۇندىمۇ يۈرىكىم سېزەر ئىپتىخار،
ئاشۇ شوخ نىگاھنى تەبەسسۇم كۆرۈپ.
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك.

كىرپىكلەر جۈپلەنمەي ئۆتسە كېتەر تاڭ،
ھەم شېرىن ھەم ئاچچىق خىياللار بىلەن.
ئاھ شۇنداق ئازابتا ياشايمەنمۇ تالڭ،
ئازابقا يا بىر كۈن پەچاقسەن كېچەن؟!
شۇمىكىن سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش دېمەك،
ياكى مەن رومانتىك، يا سەن تاش يۈرەك!...

# ئىككى شېئىر

**يادىكار**

## خۇددى يوق بىر كۆي

1

بىر كۈلبە
كىچىككىنە شارسىمان كۈلبە
تىكەر كۆزىنى يىراققا
يىراقتىكى
مايقۇڭغۇزىغا...

2

كونىرىغان
تىنچىسىز

چولاق تام
گىرە - گىرە تاتارغان چىغىرا

3

«ئادەم» نىڭ يىرتىق چاپىنى
«ھاۋا» نىڭ چاڭ باسقان
كونا كۆڭلىكى
ئىلىنغان
ياغاچ قوزۇققا...

## نەۋرۇز

1

قۇرتلار
كۆتۈرۈپ

يەردىن بىخشىنى
بىلىنگە ئىسسىپ
يۈرۈپ كەتتى
قومۇش نېيىمنى...
قۇشلار لەپپەدە،
ھويلامدىكى ئۈژمەك دەرەختە
ئولتۇرۇۋېلىپ
ئېيتىشۋاتىدۇ
ئاجايىپ ناخشا!

شاماللار
تىنىشۋېلىپ قۇياشتىن بىر گۈل
سانجىپ قويدى
دېرىزەمنىڭ زاماسكىسىغا...

سۇلار
بىر تەبەسسۇمدا
چاقنىغان سايدىن،
باشلىنىۋالدى
كۆكلەم ناخشىسى.

سەھەردىلا
قىزلار- يىگىتلەر
كەتكەنىدى ئېتىزلىق تامان
يىراق، ئايدىڭدا
كېلىشىۋاتىدۇ مۈرىسىدە
ئاينى كۆتۈرۈپ.

# ئەقىدەم بار ئۆز يارغا

## غەيرەت ئابدۇراخمان

ئۆز يار دېگەن ئالتۇن بوي، ئۆز يار دېگەن پەرىشتە،
ھەر تىنىقى ئىچىدە مىڭ جەننەتنىڭ ھۇزۇرى.
بىر ساغلام باغلانغان سۆيگۈ، ۋىجدان، ئەقىدە،
ئۆز يار بولسا پاك، مەسۇم يۈكسەك كىشى غۇرۇرى.

ئۆز ياردىم بار قەددىمنى تاغلار كەبى كۆتۈرگەن،
مېھرى ئۇنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ سۇلتان- پادىشاھ.
ئۆز ياردىم بار رەقىبنى تىۋمەن غەمگە چۆكۈرگەن،
ئىنىۋالارغا سۆيگۈمىز، ئەقىدىمىز قەبرىگاھ.

ئەقىدەم بار ئۆز يارغا ئاڭلا بۇنى ئەي جاھان،
ئۆز يار بىلەن يېتىمەن شادلىقىمغا، ۋىسالغا.
باسسىمۇ گەر ئالەمنى تۈمەن تۈرلۈك يەل-توپان،
جاۋابىم شۇ ئۆزگىلەر قويغان غەيرىي سوئالغا.

✻✻✻✻✻✻✻✻

# شېئىرلار

## نۇرمۇھەممەت نۇر



نۇرمۇھەممەت نۇر 1970-يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان بولۇپ، 1982-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ تەتىل كۈنلىرىم» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

يەنە شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆسمۈرلەر تەخەت ئوقۇش مۇسابىقىسىدە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى تەرىپىدىن 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.
ئۇ يەنە 1991-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان «پارتىيە مېنىڭ قەلبىمدە» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسىدە «شىنجاڭ گېزىتى»، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئۆمۈر يولى ئىدارىسى تەرىپىدىن 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. نۇرمۇھەممەت 1989-يىلى ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي ئالىي تېخنىكومىنىڭ قانۇن كەسپىگە قوبۇل قىلىنغاندىن بېرى مەكتەپتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ۋە مەكتەپ نامىدا چىقىدىغان «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىنى نەشرگە تەييارلاشتا باشلامچىلىق رول ئوينىغان، 1982-يىللاردىن بېرى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا يۈز پارچىگە يېقىن ئەسەر ئېلان قىلغان.

### قۇياش ئوغلىمەن

ئورمانلىقى شاد كۈيلەر تىنجىپ،
ھەر تەرەپكە مۇڭ تاراتتى قىش.
يەر تەكتىگە مۆككەن يىلتىزلار،
پىنھانغىنە چەكمەكتە تەشۋىش.

چۈشلىرىدە ئەگىزنى چىللار،
گەز باغلىغان كاپەكتەك كۆللەر.
مازاقلىدى بۇلۇتلار قېچىپ،
سۆيگۈ ئىزھار قىلغاندا چۆللەر.

قولۇمدا گۈل قۇرۇغان گويا،
ئۇ زېمىنغا تۆرەلگەن ئارتۇق.
يول ئالدىمەن سايەمدىن رەنجىپ،
قىلماقچى بوپ قۇياشقا ئارتۇق.

توسما بوۋاق يولۇمنى زىنھار،
قاچانغىچە ئەگمەي ساڭا؟
قۇياشتىمۇ رىسقىم بار ئەلۋەك،
نۇرلىرىنى چاچسۇن ئۇ ماڭا.

### شەرق ئۇچقۇسى

ئۇ يوققا تۇتاشقان يوللاردا ئۇچقى،
مەردانە ئۈمىدۋار، يۈرمەكتە ھارماي.
نە كىم بىلسۇن ئۇچقۇسىنى قىلغانچە ئەنداز،
يۈرەمدۇ بۇلۇتنى تۇتۇندە يېرىپ ئاي.

ئۇ ئۇچقۇچى يۈرمەكتە شاپىشلاپ ھەر ئان،
بەرگەنچە دەرياغا ئويغاق بىر نەپەس.

دەرىيامۇ ئۇۋۇچىغا قىلماقتا تەققاس،
دولقۇنلار قىرغاقتا كۈيلىتەر ھەۋەس.

ئۇۋۇچىدا يۈرەك بار شەرقلىققە خاس،
قولىدا بۈركۈتى قاقماقتا قانات.
ئۇ ئېلىپ كېلەمدۇ ھەر تاغدا ياكى،
قۇياشنى ئۇيۇقتىن ئۇۋلاپلا ھەيھات.

### نىسبەت

كۆككۈل قويۇپ سۆيەر گاھىدا،
نىجاسەتنى كەمسىتمەي چىۋىن.
گاھى قونۇپ خۇشبۇي گۈللەرگە،
مەنسىتمەيلا بۇلغايدۇ لېكىن.

### بىز ۋە قۇياش

تاغدا كۈن نۇر دەستە سۇنسا سالام قىلىپ،
قارشى ئېلىپ قاراپمىز قويماس ھېچ ئىنسان.
كەچتە «خوش» دەپ ھېچكىم قويماس ئۇزىتىپ،
كېتەر ئۇ مىننەتسىز، تاماسىز ھامان.

## شېئىرلار

گۈلبوستان ئابدۇقادىر

### ئىككىنچى ئۆلۈم

كالتە - كالتە ئاچچىق چۈشلەرگە،
تولۇپ كەتكەن مېنىڭ بۇ ئۇيقۇم.
سېرىق قۇچقاچ ئۇچۇپ كەت نېرى،
خېلى ئۇستا تەبىرچى ئۆزۈم.
يىغلاي يالغۇز تەنھا ياش تۆكەي،
يېتىرقىماي كەلگىن ئۆلۈمىم.

### كېچە

كۆزلىرىنى يۇمدى يۇلتۇزلار،
نۇرلىرىنى سەپمەس ئايمۇ ھەم.
كۆمۈلۈشكە باشلىغان جۈپ ئىز،
ئەسلەر ئايدىڭ كەچنى دەممۇ- دەم.

ئۆچتى تامام بۇرۇنقى سادا،
قورقۇنچلۇق باغلارمۇ ئەجەب.
ياش تۆكمەكتە بىناۋا ئورمان،
غېرىب ناخشا كېلىمدۇ لەيلەپ...

### كۆز يېشىمنى كۆردۈم دەرىخىم

بوش يورىغان خىرە دالادىن،
كۆز يېشىمنى كۆردۈم دەرىخىم.
ئاينىڭ سۇس ۋە خورۇن نۇرلىرى،
كۆي تۆكمەدۇ،
بۇزۇلغان رېتىم.
قەدىم ناخشا قەدىم چىغىر يول،
ئۇزاپ كەتكەن دولقۇنلار تامان.
شۇ بەختلىرىم، بەختلىك دولقۇن
كۈيلەر بىلەن بولسۇن تىنچ-ئامان.
ئېيتالمايمىز گۈزەل ناخشىنى،
ئېلىپ كېتەمدۇ سېنى ئەتە كۈز.
كۆز يېشىمنى كۆردۈم دەرىخىم،
تاپالمىدىم تەسەللىگە سۆز.
ئۇنتۇپ كەتكەن ھەممە ھەممىنى
ياش لىقىرلاپ قالغان ئوتلۇق كۆز...

# هازىرقى زامان جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدىكى گۈزەللىك يۈزلىنىشى

گو ۋېنپۇ

يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ كۆللىنىشى شېئىرىي گۈزەللىك يۈزلىنىشىدە كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشنى غەيرىي زامان ۋە غەيرىي ماكاندا يۈز بەرگەن ماس قەدەملىك ئۆزگىرىش دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوخشاش يۆنىلىشتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش دېگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىيىتى 20 - ئەسىردىكى يەر شارىدا، شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلدى. شۇنداقلا جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئوخشاشلىق ئىچىدە باشلىنىش نۇقتىسى، تەرەققىيات سۈرئىتى، قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە ئېغىرلىق جەھەتلەردە ئوخشىماسلىقمۇ بار.

جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى كۆللىنىشىنى شېئىرى ئىستېتىكا نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك ئۇنىڭ ئوخشاشلا بىر خىل مۇرەككەپ تەرەققىيات جەريانى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتساق ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىيىتىمۇ، كۆپ يۆنىلىشلىك، ئۆزەملەشتۈرۈش، ئىماگ-لاشتۇرۇشتىن ① ئىبارەت ئۈچ تەرەپلىمە ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. كۆپ يۆنىلىشلىك ئۆزگىرىش نىسپىي بىر تەرەپلىمە ئۆزگىرىشكە قارىتىلغان بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇ، نوقۇل «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ②» دىن ئىبارەت بىر يۆنىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتۇر. يېڭى دەۋر باشلىنىشتىن ئاۋۋال پۈتۈن جەمئىيەت جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىنى بىلىم تەقەززالىقى، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىستېتىزمدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەملەشكەن ماكاندىن قىسمەن مەنپەئەتلىك تار دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويغاچقا، رىغبەتنىڭ ئورنىغا پەندى - نەسىھەت، ھېسسىياتنىڭ ئورنىغا ئىرادە، ئىلھامنىڭ ئورنىغا تىپنى قېلىپ سەنئەت تاجىدىكى نۇر چېچىپ تۇرغان بۇ گۆھەر خۇنۇكلىشىپ قالغانىدى ③. ئىككى دۆلەتنىڭ شائىر، ئوبزورچىلىرى قايتا - قايتا ئويلىنىپ، شېئىرنىڭ چىنلىق، ئىزگۈلۈك گۈزەللىك يارىتىش بۇرچى بىلەن دۆلەت چېگرىسى ئايرىماي زوقلانغۇچىلارنى ئەقىل بىلەن ئىلھاملاندۇرىدىغان، ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرىدىغان، گۈزەللىك بىلەن زوقلاندۇرىدىغان كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇشتى. ئىككى دۆلەت شېئىرىيىتىدە شائىر يېۋتوشېنكونىڭ «ستالىننىڭ ۋارىسلىرى» دەك سىلىتىق دورىسى ھىدى قويۇق بولغان سىياسىي شېئىرلار يېزىلغان بولسا، روستوۋنىڭ «جىمجىت سەھرايىم» دېگەن شېئىرىدەك

---

①② («جۇ لىيۇ. مولىبىر تەپەككۇردا يېزىلغان خەت» يېۋتوشېنكو «شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى بولىسا بولمايدۇ» دۇنيا ئەدەبىياتى» 1989 - يىل 4 - سان).

③ («رېھىم بىلگىنىڭ قۇرى» باھار شامىلى ئەدەبىيات - سەنئىتى 1983 - يىل 1 - سان).

كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ۋە ئۆتكەننى ئەسلىتىدىغان شېئىرلارمۇ يېزىلغان، ئەي چېكىنىڭ «تاشقا ئايلانغان بېلىق» دەك تۇرمۇشنىڭ قايتىلىنىدىغان ئەقىل-پاراسەت يىغىۋالىدىغان پەلسەپىۋى شېئىرلىرى يېزىلغان بولسا، شائىر شاۋىيەت شاكىرنىڭ «يېڭىباشتىن باشلانسا ھايات» دېگەن شېئىرىدەك «ئەتىنىڭ تۈنۈگۈنكىدىن تېخىمۇ ئۈزۈن» لۇقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلدۈرۈپ ھاياتنى مەدھىيىلىگەن شېئىرلارمۇ يېزىلغانىدى. تىۋاردېيىۋىسكىنىڭ «يىراقتىن يىراقلارغا» دېگەن شېئىرىدەك شېئىرلار يېزىلغان بولسا، كۆڭلىيۇنىڭ «چوڭقۇر خىيال» دەك تارىخنى چوڭقۇر ئويلايدىغان كەسكىن شېئىرلارمۇ يېزىلغان؛ ئەخمەتوللىنانىڭ «كېلىن» ھەم شۇتىڭنىڭ «يامغۇردىكى ئايرىلىش» دېگەن شېئىرلىرىدەك ئاياللارنىڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن يەڭگىل شېئىرلارمۇ يېزىلغانىدى. كۆپ تەرەپلىمىشىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى — تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى ۋە ئىككى مەنبەلىك قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى: ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىيىتىدە تۇرمۇشنى ئاۋۋالقى بىر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە، تۇرمۇشنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىك تەرەپلىرىگە تېگىلىپ قاراشقا يېتىنالايدىغان بىر تۈركۈم شېئىرلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئىككى مەنبەلىك بەدىئىي چىنلىق بويىچە، ئىككى مەنبەلىك تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كۆپ تەرەپلىمىشىنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى — شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كېڭىيىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شېئىرنى ھازىرقى زامان گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن قېپىندۇرۇپ، شەكىلدىن مەزمۇنغىچە ئاجايىپ گۈللىنىشكە ئىگە قىلدى. تەپەككۇر ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جۇڭگو-سابىق سوۋېت شېئىرىيىتى بىر قېتىملىق ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ يېڭىلىنىشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تارىخىي ئاڭ بىلەن رېئال ئاڭنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈردى. مەسىلەن: ئەپسانىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان مۇستاي كېرىمنىڭ «پرومېتى ئوتىنى تاشلىما»، جياڭ خېنىڭ «قۇياشنى ئېتىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ ئالەم ئېڭى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ئېڭىنى گىرەلەشتۈردى، ئېيتايلۇق، مېژلايتىسنىڭ «ئادەم» ۋە ئەي چېكىنىڭ «نۇر قەسىدىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى، يەر شارى ئېڭى بىلەن يىلتىزنى ئىزدەش ئېڭىنى گىرەلەشتۈردى. ئېيتايلۇق، ئېيسا يېۋنىڭ «ئەسلىمىنىڭ يىراق تەرىپى» بىلەن شۇتىڭنىڭ «قوش ماشتىلىق كېمە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى بەزى سەھىپىلەر؛ ئازاب-ئوقۇبەت ئېڭى بىلەن كۆرەش قىلىش ئېڭىنى قاتلاملاشتۇردى. ئېيتايلۇق، فىمودورۇنىڭ «قوللاردىكى قان» بىلەن لى شۈيەنىڭ «كىميالار ناخشا ئېيتماقتا» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

كۆپ تەرەپلىمىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر-لىكىدۇر. شېئىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا بەدىئىي ھادىسە ۋە ئېستېتىزملىق ھادىسىدۇر. شۇڭا ساددىلاشتۇرۇلغان، چېكىنگەن

شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش، سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ھازىرقى زاماننىڭ ئىستېتىزىملىق قىممەت قارىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. نۆۋەتتىكى جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتى گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئىككى دۆلەتتە شېئىرىيەت گۈللىنىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دېگۈدەك ئوخشىشىپ كەتمىگەنلىكى، مەدەنىيەت نېگىزى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتتا ئۆزئارا پەرق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىككى دۆلەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمىش جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرىدە بىر تەرەپلىمىشنى بۇزۇپ تاشلاش جەريانى سوۋېتتىنكىدىن تېز بولدى. ئەمما مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتە، جۇڭگو شائىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى سوۋېت شائىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىن تۆۋەن بولغاچقا، ئادەتتە ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇپ، زور تېمىلارنى قېزىش، يېزىش جەھەتتە چوڭقۇر ۋە ئۇزۇل-كېسىل بولالمىدى ياكى ئىزدىنىش ئىچىدە يازغانلىرى قەلىمى پىشىدىغان دۇنياۋى ئىناۋەتكە ئىگە شائىرلارنى يارىتالمىدى. شېئىر ۋە دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، جۇڭگو شائىرلىرى ۋە ئوبزورچىلىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىدىن چوڭقۇر نەپرەتلىنىش ئاساسىدا شائىرنىڭ دەۋر چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى، ئەمما شېئىرنىڭ پۈتۈنلەي نۆۋەتتىكى سىياسىغا ئارىلىشىش زۆرۈرىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى تونۇپ يەتكەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى شائىرلارغا ئوخشاش بىز بىر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ مەھۇلى دەيدىغان شېئىرىيەت گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم سىياسىغا خىزمەت قىلىش زورىدىن سەنئەتنىڭ بۇرچىدىن ۋاز كېچىدىغان شائىرلار ۋە ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

كىيوتى 1824 - يىلى يازغان «سەنئەت ھېكمەتلىرى ۋە تەسىراتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە شېئىر ۋە غەيرىي شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ: «شائىر ئايرىملىق ئۈچۈن ئالاھىدىلىكنى ئىزلەمدۇ؛ ياكى ئايرىملىق ئىچىدە ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرەمدۇ، بۇنىڭدا ئىنتايىن زور پەرق بار. ئالدىنقى تەرتىپتە مەسەل يارىتىلىدۇ؛ بۇنىڭدا ئالاھىدىلىك پەقەت مىسال سۈپىتىدە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ؛ كېيىنكى تەرتىپ شېئىرنىڭ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق...» دېگەنىدى. بۇ يەردە كىيوتىنىڭ «ئالاھىدىلىك ئىچىدە ئايرىملىقنى ئىپادىلەش» دېگىنى كېيىنكە كېلىپ كېڭەيلىنىڭ «ئەقلىنىڭ ھېسسىي گەۋدىلىنىشى» دېگىنىگە ئوخشاش بولۇپ ھەممىلا شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق (ئۆزلۈك) ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇزۇندىن بېرى جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدە «ئۆزلۈك» شېئىرىيەت ئالىمىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدىلىك ئىچىدە ئايرىملىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىستېتىزىملىق بۇرچىنى يوقىتىپ چىقىرىش بولۇپ، نەتىجىدە ھەم شائىرنىڭ ھېسسىيات ئالىمى ھەم ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان سەزگۈلەر دۇنياسى يوقالغانىدى.

شېئىردىكى ئىجادىيەت پەلسەپىۋى بىلىشتىن ئايرىلماي دۇ؛ ئەمما شائىرنىڭ دۇنيادىن تەسىرلىنىشى، پەيلاسوپنىڭ دۇنيانى بىلىشىگە ئوخشىمايدۇ. شائىر تەسىرلەنگەن دۇنيا، ھەم تاشقى ئالەمنىڭ شائىرنىڭ روھىيىتىدىكى ئىنكاسى (ئوبيېكتىپ)، ھەم شائىر تۇيغۇسىنىڭ تاشقى ئالەمگە يۆتكەلمىشى (سۇبيېكتىپ) دۇر. چۈنكى خۇددى بېلىنسكى ئېيتقاندەك: «گۈزەللىك قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، چۈنكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ مۇتلەق گۈزەل بولۇشى ناتايىن. بۇ گۈزەللىك ئىجادىيەتچىنىڭ ياكى گۈزەتكۈچىنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.»

يېقىنقى دەۋردىكى ئىككى دۆلەت شېئىرىيىتىدە «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەش توغرىسىدا ئوخشىمىغان مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەشنىڭ مەنىسى مەسىلىسىدە يارىشالمىغۇدەك بولمايدىغان ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەنقىدچىسى سولوۋيېۋ مۇنازىرىدە ماياكوۋسكىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئۆزلۈكنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇش ئاكتىپ چەكچى بولۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىدىن ① ئايرىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ»، دېگەن بولسا، بۇ مەسىلىدە شائىر يېۋتوشېنكو، «پۇقرالار روھى ھېلى ھەم ئۆزلۈكنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى» ② دېگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ تەنقىد ساھەسىدىمۇ «گۇڭگا» شېئىرلار ھادىسىسىگە بىرلەشتۈرۈپ «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەش توغرىسىدا جىددىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. كىچىك «ئۆزلۈك» بىلەن چوڭ «ئۆزلۈك» نىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. ئەمەلىيەتتە «كىچىك ئۆزلۈك» نى «چوڭ ئۆزلۈك» نىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتسە بۇ، شېئىرىيەت ئىستېتىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ گۈزەللىكنى كۆزدە جۇڭگو - سابىق سوۋېت شائىرلىرى دۇچ كەلگەن «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەش تارىختا ئوتتۇرىغا چىققان «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەشتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى پەقەت شائىرنىڭ پەردىسى خاراكتېرىنى جارى قىلدۇرىدىغان بۇ قاتلام بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان يوشۇرۇن ئاڭ ئالىمىگە تەلپۈنگەن قارىتىلغان بىر خىل باغلىنىشنى ھەتتا ئېيتىش مۇمكىنكى يەنىلا «ئادەم ئۆزىدىكى ياتلىشىشنى پاك تاشلىۋېتىش» ياكى ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېيتايلۇق، مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەش بىلەن باشقىلارنى ئىپادىلەش زور دەرىجىدە ئوخشاشمايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېسانكوۋسكىنىڭ «كاتيۇشا» سى خەلق ئارىسىدا بىرقانچە ئون يىل ئېيتىلىپ، بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكەن، ئەمما دەۋر تەرەققىي قىلماقتا ئىدى، كىشىلەر «ئۆزلۈك» نى ئۇرغۇتۇشقا بارغانسېرى جىددىي مۇھتاج بولماقتا ئىدى. ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياش ئاشىق - مەشۇقلار تەبىئىي يوسۇندا ئەخمەتوۋلىنانىڭ «ئۆزلۈك» ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھازىر جاۋاب مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن زور دەرىجىدە قانائەتلىنەلەيدۇ.

① («شېئىر ۋە چىنلىق» بولنوز زۇرنىلى 1954 - يىل 3 - سان).

② («ۋاتالايت بىر ھەل خەيرىيە ئالاھىدە مۆجىزە» سوۋېت يازغۇچىلار نەشرىياتى 1980 - يىل).

«تاڭ ئاتقىچە ساقلايمەن شېھرىدىن چۈشۈڭنى،
ئاندىن دەسسەپ تاڭ نۇرىنى كېتىمەن قايتىپ.
قار يېپىنغان، يىللاپ كەتكەن غازاڭ ئۈستىدە،
قېپ قالىدۇ، ئىزىم مېنىڭ ئىزىنا تارتىپ.
«زۇلمەتلىك كېچە»

جۇڭگودا 50 - يىللاردا ۋىنجىننىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىر مەھەل دەۋر سۈرۈپ ئاق كۆڭۈل قىز - يىگىتلەرنى جەلپ قىلغانىدى. 80 - يىللارغا كەلگەندە دەردكە دەرمان بولالايدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى شۇتىڭنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى سىرلارنى ئاشكارىلايدىغان لىرىكىلىرى ئالدىدا چېكىنىپ قالدى.

«سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا،
چىڭگىلىكتەك دالىمىغىش ئۈچۈن —
چىرماشمايمەن پۈتاقلىرىڭغا.
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا
مەجنۇن قۇشتەك يىغلىماق ئۈچۈن،
سايرىمايمەن بىرلا مۇقامغا.
«دوبقا»

شۇتىڭ بۇ يەردە «ئۆزلۈك»نى؛ ئۆزىگە خاس ھېسسىيات ئالەمىنى ئىپادىلىگەن؛ ئوخشاشلا ئاياللارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان؛ ئۆز - ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان؛ ئۆز - ئۆزىنى سۆيىدىغان سەزگۈ دۇنياسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يەردە لىرىكا (سۇبيېكت) بىلەن (ئوبيېكت) بىرلىشىپ كەتكەن. «ئۆزلۈك» ئوخشاش ۋاقىتتا غەيرىي «ئۆزلۈك» كە يەنى تاشقى شەيئىلەرگە ئايلىنىپ شائىرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى (سۇبيېكتىپ تەسىراتى) ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنياغا يۆتكەلگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىش جەريانى — يوق «ئۆزلۈك» تىن بار «ئۆزلۈك» كە، «چوڭ ئۆزلۈك» تىن «كىچىك ئۆزلۈك» كە يۆتكىلىش جەريانى بولدى. «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەش كۆپ ھاللاردا شېئىرنىڭ بۇرچى توغرىسىدىكى تونۇشى يېتەرسىز بولغان شائىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ياسىما ئىشقىۋازلىق ياكى خۇپسەنلىكنىڭ بوشلۇقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدىن نۇرغۇن مىساللارنى تېپىشقا بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك «ئۆزلۈك» نى ئىپادىلەشتىن قېچىشقا بولمايدۇ. ۋىلوكىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «لىرىك شېئىر ئۆزلۈك. دېمەكتۇر، شېئىر ئەسلىدىنلا قەلبتىكىسىنى يازىدىغان سەنئەت». مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېۋتوشېنكو، ۋوزنېسېنسكى، روژدېستۋېنسكى بولسۇن ياكى جۇڭگولۇق بېيداۋ، شۇتىڭ، گۇچېڭ، جياڭخېلار بولسۇن ئۇلارنىڭ قايسى بىرى «ئۆزلۈك» تىن باش - لىمىغان، ياكى ئۇلارنىڭ قايسى بىرى قايغۇ - ھەسرەت، مۇڭ - نادامەت ياكى ئوي -

خىيال بىلەن ئاجايىپ - غارايىپ دۇنياغا يۈزلەنمىگەن؟ «ئۆزلۈك» لەشتۈرۈلگەن ئۆزگىرىش بولمىسا ئۇلار بۇ دەۋر ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقمىغان بولاتتى، ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى.

مەيلى نەزەرىيە ساھەسىدە «ئۆزلۈك» نى ئاچادىلەشنى دەۋر قىلغان ئېلىشىش جەددىي ياكى ئاستا بولسۇن، كىم غەلىبە قىلمىسۇن يېڭى دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلاد جۇڭگو - سابىق سوۋېت شائىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە «ئۆزلۈك» نى مەردانىلىق بىلەن ئەسلىگە ياندۇرۇپ كېلىدىغان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى. مەسىلەن: يېۋتوشېنكونىڭ «كىرىش سۆز» دېگەن شېئىرىنىڭ 23 مىسراسىدا «مەن» ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەخمەتوللىنانىڭ «ئىزىقۇ» دېگەن شېئىرىنىڭ توققۇز يېرىدە «مەن» نىڭ ھېسسىياتى بېرىلگەن. جۇڭگو شائىرلىرىدىن بېيداۋنىڭ «جاۋاب» شېئىرىدا «مەن» يەتتە يەردە تىلغا ئېلىنغان. گۇ چېڭنىڭ «مەن بىر تەرسا بالا ئىدىم» دېگەن شېئىرىدا «مەن» ئون ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنغان؛ بۇ ئەھۋال يېڭى دەۋر باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىيىتىدە ئېقىپ يۈرگەن «بىز» دەپ يازىدىغان شېئىرىيەت ئۇسلۇبى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

«ئۆزلۈك» نىڭ قايتىپ كېلىشى شائىرلار ئۈچۈن ئېتىقادىدا مىكرو دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئېچىلىپ، يېڭى ئالەم بايقىلىپ تاشقى دۇنيادىن ئىچكى دۇنياغا، يۈزەكى ئاڭ قاتلىمىدىن چوڭقۇر ئاڭ قاتلىمىغا كىرگەنلىك، شۇ ئارقىلىق ئىجادىيەتكە تۈگىمەس - پۈتمەس ئىلھام مەنبەسى تاپقانلىق، شېئىرىيەتنىڭ ئىستېتىزملىق ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكتۇر.

«پىرتىكىل ئالىمە
ۋۇجۇدۇمغا مۇجەسسەم مېنىڭ،
بار جىسمىمدا يەتتە «مەن»
ھەسەن - ھۈسەندەك،
كىشىنى بەزدۈرگەن يەتتە ھاۋاندەك.
زەڭگەر رەڭلىك بىرسى ئۇلاردىن،
چالار ئىدى قومۇش نەيىنى.
باھار كۈنى كۆرگەن چۈشۈمدە،
بوپ قاپتىمەن سەككىزىنچىسى»
(ۋوزنېسېنسكى «تېمىدىن چەتنىگەن ئۆزلۈك»)
«ئىزلىرىمنى تامغا قىلىپ باسام زېمىنگە،
دۇنيامۇ،
ھاياتىمغا كېتەمدۇ سىڭىپ»
(گۇ چېڭ «ھايات فانتازىيىسى»)

«ئۆزلۈك» لەشتۈرۈش خاھىشى جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتى ساھەسىدە دېگۈدەك

ئوخشاش بولسىمۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ئىنچىكىلىمەك بىلەن كۆزەتسەك پەرقىنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقايمىز. «ئۆزلۈك» لەشتۈرۈش ئىككى دۆلەت شېئىرىيىتىگە خىلمۇ خىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىملار يارىتىلىدىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى ئېلىپ كەلدى. شۇنداق بولغانلىقتىن ھەر بىر شائىرنى بىر ئېقىم دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئېقىملار ئىنتايىن ئاز. مەسىلەن: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سادىچىلار» گۇرۇھى، «شۇئىرلىقۇچىلار» ئېقىمى، «پەلسەپىۋى شېئىرىيەت»، «يېڭى دولقۇن شېئىرىيىتى» ئېقىمى ۋە جۇڭگونىڭ «چېگرا شېئىرىيەت» ئېقىمى، «بۈگۈنچىلەر» ئېقىمى، «جەنۇبلىقلار» شېئىرىيەت ئېقىمى قاتارلىقلار. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا دەسلەپتە دەۋر بىلەن سىياسى-نىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇزۇل - كېسىل بولمىغانلىقتىن سەنئەت سىياسىغا ئەگىشىپ بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلىدىغان ھادىسىلەر يەنە كۆرۈلگەنىدى. خرۇششۇ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا «سادىچىلار» دەۋر سۈرگەن بولسا، برېژنېۋ كونسېرۋاتىپ سىياسەت يۈرگۈزگەندە «شۇئىرلىقۇچىلار» دەۋر سۈردى. «سادىچىلار» نىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشى، «شۇئىرلىقۇچىلار» نىڭ سىياسىنى ئىزىلاشتۇرۇشى شېئىرىيەت تەرەققىياتىغا ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە جۇڭگو شائىرلىرى ئېقىملارنى ھەقىقىي ھالدا سەنئەت ئۇسلۇبى بويىچە ئايرىشقا ئاساسلاندى. مەسىلەن: شۇ تىڭ، بېيداۋ، گۇ چېڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يېڭى زامان شېئىرىيىتىگە پارلاق تۆھپە قوشقان شائىرلار تۇرغۇزغان «بۈگۈنچىلەر» نىڭ تۇغرىدىن - توغرا يۈزلەنگىنى بۈگۈننىڭ تۇرمۇشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۈگۈننىڭ سىياسىتى ئەمەس ئىدى. ئۇلار يېڭى زاماننىڭ زور تېمىلىرىنى بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىقلىرىغا سىڭدۈرۈپ ھەم دەۋرنىڭ ساداسى بويىچە چۇقان سالدى، ھەم بەدىئىي ئىزلىنىشنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. «3 - ئەۋلاد» دەپ ئاتالغان «جەنۇبلىقلار» شېئىرىيەت ئېقىمىنى ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «بۈگۈنچىلەر» گە چوقۇنغان بولسىمۇ، ئەينەن تەقلىد قىلىشقا قانائەتلەنمىدى، ئاددىي ئادەم ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق روشەن ھازىرقى زامان ئېڭىنى ئىپادىلەپ چىرايلىق كۆز قاراشلارغا خىرىس قىلدى. شۇنداقلا 80 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ بەدىئىي ئىزلىنىشنىڭ قەدىمى تېزلىشىپ، بەدىئىي جەھەتتە ئەنئەنىنى بىت - چىت قىلىدىغان ئەسەرلەر، تارىخىي يوسۇندا ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتقان ماندېلشتاملوۋدەك شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئېلىمىزدە شېئىرىي مىراسلارنى قېزىش جەھەتتە زور نەتىجىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئازراق چېتىپ قالىدىغان تەرەپلىرىمۇ بارئىدى.

مۇبادا كۆپ تەرەپلىمە ئىستېتىزملىق قىممەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، «ئۆزلۈك» لەشتۈرۈش ئىستېتىزملىق ئىجادىي سۇبيېكتىنىڭ قايتىپ كېلىشى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىماگىزملاشتۇرۇش — ئىستېتىزملىق سۇبيېكت بىلەن ئىستېتىزملىق ئوبيېكتنىڭ شائىرلار تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنىشى بولىدۇ. يېڭى

دەۋر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدە كونكرېتلاشتۇرىلىدىغان، ئىدىيىلا تەسۋىرلەيدىغان شېئىرىيەت ئۇسلۇبى يامراپ، شېئىرىي تىل بىلەن مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە ماسلاشتۇرىدىغان ۋەزىيەت يارالغان ياكى ئاتالمىش بىر خىل مەنزىرە + ئازراق تەسۋىرلەش + بىر خىل ئىدىيىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش قېلىپلاشقانىدى. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان شېئىرلاردا ئوبرازلىق، ئىدىيىۋى بولسىمۇ، شېئىرىي مۇھىت بولمايدۇ. شېئىرنىڭ ئېستېتىكىلىق ئۈنۈمى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگو - سابىق سوۋېت شائىرلىرى شېئىرىي سەنئەتنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ قىممەتلىك بىر ھالقا - شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىماگلارغا ئېتىبار بەردى. نەتىجىدە نۇرغۇن نەزەرىيىچىلەر شېئىرىي سەنئەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىماگلاشتۇرۇلغان جەريان دەپ ئاتىدى، ئىماگلاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگو - سابىق سوۋېت يېڭى زامان شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولدى. ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئوبزورچىسى ياڭ كۇاڭخەن: «ئىماگلارنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى كەيپىيات بىلەن تەجرىبىنى ئۆزىگە ماسلاپ نەرسىلەرگە ئىگە قىلدى، زامان ۋە ماكان بىقارارلىق ئىچىدە ئۆزلۈكسىز گىرەلەشتۈرۈلدى. «گۇڭگا» مۇھىت كىشىلەرنى ئېزىقتۇرىدىغان سىرلىقلىقنى پەيدا قىلىپ، چۈشىنەلمىدۇق دەيدىغان تاپا - تەنىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ سۇبيېكتىپنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا بىرلىشىش دەپ ئاتالدى، ھەتتا ۋىندۇ ئەينى چاغدا تەكىتلىگەن قۇرۇلما گۈزەللىكى، تاۋۇشلارنىڭ گىرەلىشىشى، رىتىمنىڭ قېيىشى، جۈملىلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى، يەنە ۋىندۇ ئېيتقاندەك شېئىرنى شېئىرغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ يېزىشمۇ بارلىققا كەلدى، كۆچمىلىك سەكرەش، ئارىلىق قالدۇرۇش، بىمەنىلىك قاتارلىق ماھارەتلەرنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشى شېئىرنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى» ① دېگەنىدى. ئىماگلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان سىمۋوللاشتۇرۇش، شېئىرىيەت ئىسلاھاتى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن سابىق سوۋېت شائىرى ۋوزنېسېنسكىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ «سېزىشىمچە جۇڭگو تىياترلىرى سىمۋوللۇق سەنئەت بولغىنىدەك شېئىرمۇ سىمۋوللۇق سەنئەتتۇر. ئوخشاشلا يەنە ھازىرقى زامان سەنئىتىدۇر» ② دېگەنىدى.

جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتى يېڭى دەۋردە ئېنىقلا ئاشۇرغان ئىماگلاشتۇرۇش ۋە بۇنىڭدىن تۆرەلگەن ئېستېتىكىلىق سۇبيېكت بىلەن ئېستېتىكىلىق ئوبيېكتنىڭ گىرەلەشتۈرۈلۈشى كۆپ تەرەپلىمە ئېستېتىكىلىق زوقلىنىشنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

### 1. تەكشى گۈزەللىكنىڭ ستېرېئولۇق گۈزەللىككە كېڭىيىشى.

20 - ئەسىر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئۇچۇر پارتلىغان؛ ئىنسا-

① («شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ جۇغلىنىشى ۋە تاللىنىشى»).
② («دۇنيا ئەدەبىياتى كىتابخانلىرىغا خەت» دۇنيا ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1987 - يىل 2 - سان).

نىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى چوڭقۇرلاشقان، كىشىلەرنىڭ ئىستېتىزملىق ئېڭى تەبىئىي ھالدا يېڭىچە ئەگىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام بويىچە تەرەققىي قىلغان دەۋر ئىدى. خۇددى مۇزىكىدا ستېرېئولۇق ئاھاڭ، رەسساملىقتا ستېرېئولۇق تۈيغۇ كۈچەيگەندەك ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە ئېستې-تىزملىق زوقلىنىشىمۇ، ستېرېئولۇق خاھىشىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ تەكشى گۈزەللىكنى تەكىتلەيدىغان ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلىدى. سابىق سوۋېت شائىرى ۋوزنېسېنسكى فىزىكىلىق زامانىنىڭ ئەنئەنىۋى چېگرىسىنى بۇزۇپ، ھازىر، ئۆتمۈش، كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل زامان ھالىتىدە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كىشىلەرگە يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى.

«يەتتە نەپەر ھۈنەرۋەن ھەم مەن،
قاراشلىقىمىز بىرلا دۇكانغا،
يىگىرمە ئەسىر،
قايناقتا تومۇردا.
قولۇڭلارغا ئېرىشسەم ئەگەر،
مەندە مىڭ قول بولىدۇ جەزمەن،
كۆزۈڭلەرگە ئېرىشسەم ئەگەر
مەندە مىڭ كۆز بولىدۇ جەزمەن.
«ھۈنەرۋەنلەر»

بۇ مىسرالاردا زامان كىرىشتۈرۈلۈپلا قالماي، ماكانمۇ كىرىشتۈرۈلۈپ كەتكەن.. يەنە مەسىلەن:

«سەن مېنىڭ سەپىرىمدە،
مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە»
«شۇتېلىك»

زامان بىلەن ماكان كىرىشتۈرۈلۈپلا قالماي، زامان بىلەن ماكان ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. مەسىلەن:

«يىگىرمە تۆت قەۋەتلىك ئېگىز بىنامۇ،
توسالمايدۇ،
تارىخنىڭ بېشىدىن كەلگەن باھارنى.
باھارنى گۈل تەشتەكچىگە سىڭدۈرسەڭ قىستاپ،
سەن دېمەك ھاماقەت، سەن دېمەك كاززاپ.»
(لى گاڭ «قەدىمكى دۆلەتنىڭ باھارى»)

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە «يىراق يەر» ئىما-كى كۆپىنچە زامان ۋە ماكاننى گىرەلەشتۈرىدىغان ۋە ئالماشتۇرىدىغان ژانىرغا ئايلىنىپ، تۋاردوۋسكىنىڭ «يىراقتىن يىراقلارغا»، ئىسايېۋنىڭ «ئەسلىمىدىكى يىراق يەر» دېگەن «يىراق يەر» ھەم زامان ھەم ماكان ئۇقۇمى بولۇپ، زامان بىلەن

ماكان ئۆزئارا ئەركىن كىرىشىپ، قاتلىنىپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. «ئەسلىمە» ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، «يىراق يەر» ماكان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. زامان بىلەن ماكاننى «ئەسلىمىدىكى يىراق يەر» دەپ قوشۇۋېتىش، ماكان ۋە زامان گىرەلەشتۈرۈلگەن ھازىرقى زامان روھىغا، ستېرېئولۇق تۇيغۇغا باي بولغان يېڭى ئىپادىلەش ماھارىتىدۇر.

ئورتاق تۇيغۇ يەنىلا ماكان قاتلىمىنىڭ بىرخىل شەكلى — كىشىنىڭ پىسخىك ماكانى يەنى ئېستېتىزملىق ماكانىنىڭ قاتلىمىنى يەنى مۇنداق ئېيتقاندا كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى، ئۇچرىشىش سېزىمى، پۇراش سېزىمى، تەم سېزىمى قاتارلىق قوش تەرەپ ۋە كۆپ تەرەپنىڭ ئارىلىشىشىدۇر. بۇ ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىدە بۇرۇنلا قوللىنىلغان، ئەمما يېڭى دەۋر باشلىنىشتىن بۇرۇن تېخى ئېچىلمىغان بوز يەر ئىدى. مەسىلەن:

«دۇنيادا بەختلىك ياشىماق ئوڭاي،
يۇغاندا رەستىنى شىددەتلىك يامغۇر،
بەھۇزۇر كۆلكىدە يالتىراق ياشتا،
يۇيۇپسەن قەلبىڭنى، ئەيلىگەن تازا.
تۇنجى رەت ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزۈڭدە،
باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ،
ئالىسەن دۇنيانى بايقاپ شۇندىلا.»
(كازاكوۋا «دۇنيادا بەختلىك ياشىماق ئوڭاي»)

غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتىدە ئادەتتىكە ئايلانغان كونكرېت سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئابستراكت سۆز - ئىبارىلەرنى قىستۇرۇپ ئىشلىتىش جۇڭگو - سابىق سوۋېت شائىرلىرىنىڭ ستېرېئولۇق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. مەسىلەن:

«مەيلى زىندان تۆكرۈك داغلىرى،
ياكى مەيلى بولسۇن ھاقارەت.
ئۇ، شېئىرىيەت قارىلىغۇچى بىلەن—
بىرلەشتۈرەر بارچە مىللەتنى.»

(يېۋتوشېنكو: «جۇڭگولۇق تەرجىمان») يەنە مەسىلەن:
ئىزاھات بار بارچە ئۈمىدتە،
بارچە ئېتىقادتا باردۇر ھەم ئىڭراش.
جىمجىتلىق بار ھەممە پارتلاشتا،
ئۇزۇن ئەكس سادا بار بارچە ئۆلۈمدە.
(بېي داۋ: «بارچە»)

2. رىتىم گۈزەللىكىنىڭ ۋەزىن گۈزەللىكىگە كېڭىيىشى:

رىتىم گۈزەللىكى ــ ئەزەلدىن شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. جەمئىيەت تەرەققىياتى بۈگۈنكىدەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەندە، تاشقى رىتىمنىڭ نوقۇل يەتكۈزۈلۈشى ئېنىقكى كۆپ تەرەپلىك ئېچىۋېتىلگەن روھىي دۇنيانىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. شۇڭا، ئىچكى رىتىم (ۋەزىن) دىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا توغرا كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتىدىكى ئىماگلاشتۇرۇش جەريانى شائىرنىڭ كۆرۈش سېزىمىنى كۈنسايىن مەركەزلىشىشكە ئۈندەپ، كۆرۈش سېزىمىدىكى شادلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاڭلاش سېزىمىدىكى شادلىنىشنى ئاجىزلاشتۇردى. ئاتالمىش شېئىرنى نەسىرلەشتۈرۈش يۈزلىنىشىگە ئاھاڭ ۋە قاپىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا دەرۋەقە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى بار. بۇ يەردە ۋەزىن گۈزەللىكى رىتىم گۈزەللىكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ۋەزىن گۈزەللىكى ئاھاڭلارنىڭ بىردەكلىكىگە تايانماي ئىماگىزملىق قۇرۇلمىغا تايىنىدۇ. مەسىلەن: ئوخشاشمىغان ئىماگلار بىر قاتارغا قويۇلغاندا تېز سۈرئەتلىك ۋەزىننى شەكىللەندۈرىدۇ، ئەكسىچە ئوخشاش ئىماگىزىم ئۈزلۈكسىز تەكرارلانغاندا يېنىك ۋە تەۋۋەن ۋەزىن پەيدا بولىدۇ. مەيلى تېز ۋە يېنىك بولسۇن ئىماگىزىم ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنغا ئوخشاش زامان ۋە ماكان دېڭىزى ئىچىدە يېيىلىپ دائىرە ھاسىل قىلىپ كىشىلەرگە، قاپىيىلىك شېئىرلار بېرەلمەيدىغان يېڭى گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ئىماگلار بىردەكلىكىدىن پەيدا بولغان ۋەزىن گۈزەللىكى شېئىرىي ئىستېتىزمغا يېڭى زېمىن يارىتىپ، ئەنئەنىۋى تەپسىلىي تەسۋىرلەش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋوللاشتۇرۇش قاتارلىق ئوخشىمىغان ۋاستىلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ شېئىرنىڭ كېرىلمىش كۈچىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. بۇ ھادىسىنى پەقەت تىزراقلىق، قاپىيىلىك شەكىللەرگىلا ئېتىبار بېرىلىپ، ئىماگلارغا سەل قارايدىغان ئەنئەنە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. جۇڭگو - سابىق سوۋېت شائىرلىرى ئورتاق قوللانغان «ئۈزلۈك...» تېپىمدىكى بىردەكتۈرۈش ئۇسۇلىنى مىسالغا ئالساق توپلانغان ئىماگلارنىڭ ئۆزگىرىشى كەڭ دائىرىلىك ئىماگلارنىڭ ئىچكى رىتىمىنى پەيدا قىلغان بۇنىڭ سېلىشتۇرۇش ياكى كۆپتۈرۈش ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، گويا تەپسىلىي تەسۋىرلەشمۇ، يوشۇرۇن ۋە ئېنىق ئوخشىتىشمۇ، سىمۋوللاشتۇرۇشمۇ بولغان ئەھۋالدا زوقلانغۇچىنى چەكسىز تەسەۋۋۇر ماكانى بىلەن تەمىنلەپ ئىستېتىزملىق زوق بەخش ئېتىدۇ. مەسىلەن: سابىق سوۋېت شائىرى مۇنداق يازىدۇ:

«مەن يالمان.
دۈشمەنلەر چۈشۈشتى تاقىر دالاغا،
بولدى تەق كۆزلەرىمۇ چوقۇلاش ئۈچۈن.
مەن ئازاب.
مەن ئۇرۇشنىڭ ساداسى،

قىرىق بىرىنچى يىل قارلىق دالىدا،
شەھەردىكى چۇچۇلىنىڭ كۆيۈش ساداسى.
ئىچىرقاشىمەن
سائەتتەك ئىسىلغان قۇرۇق مەيدانىدا.
قاتتىق دۈرۈلغان
ئىسسىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاياللىنىڭ كانىيىمەن.
مەن گويا.
غەزەپكە تولغان،
تەسادىپى مېھمانىنىڭ جەسەت كۆلىمەن.
ئېتىلغان ئوق كەبى مەغرىپكە كەتكەن،
خاتىرە تاختىسى بولمىش ئاسمانغا.
مىخ قاقاندەك،
قېقىلماقتا مەزمۇت يۇلتۇزلار.»
(ۋۇژنىشىنسكى: «يالمان»)

شۇتىلىڭ مۇنداق يازىدۇ:
«سۇ چىخىرىقىمەن
قىرغىقىڭدا كونىراپ كەتكەن.
ئوقۇدۇم ئەسىرلەپ ھارغىن ناخشىنى.
كان چىرىخىمەن،
پېشانەڭدە قارايغان سىنىڭ،
يورىتىمەن قىسىرلىشىڭنى،
تارىخ تونىلى ئىچىدە سىنىڭ.
پۈچەك شالمەن.
ياسالمىغان يوللارنىڭ ھۆلى،
نامراتلىقىمەن، ھەسرەت قايغۇمەن.»

ئۇ يەنە:
«مەن يېپيېڭى غايەڭمەن سىنىڭ،
ھېلىلا ئەپسانە تورىدىن چىققان.
نىلۇپەرنىڭ بىخىمەن گويا،
قار كۆرپىسى ئاستىدا ياتقان.
زىناق مەن ھەم ياش ئەگىپ تۇرغان،
مەن ئاپئاق سىزىلغان سىنتان سىزىقى.
قىپقىزىل سەھەرمەن گويا ئوخچىغان.
ئاھ، ۋەتەن، سۆيۈملۈك ۋەتەن!»

بۇ شېئىرلاردا گەرچە قاپىيە بولمىسىمۇ، لېكىن ئىماگىزمىنىڭ ئايرىلىشى ۋە قوشۇلۇشىدىن بىشارەت بەرگەن ئوبرازلىق تەپەككۇر. كۆتۈرۈلۈپ پەسىيىپ تۇرغان مۇقامنى يارىتىپ كىشىگە ئۇرغۇپ تۇرغان تەسەۋۋۇر مۇھىتى ۋە ئىستېتىزملىق روھ بېغىشلايدۇ.

### 3. تۇراقلىق گۈزەللىكتىن شەكلى ئۆزگەرگەن گۈزەللىككە كېڭىيىشى:

يېقىنقى دەۋرلەردە يوشۇرۇن ئاڭ ساھەسىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېچىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئىستېتىزملىق پسائالىيىتىنى كۈنسايىن ئەگرى - توقاي-لاشتۇرۇپ تۇراقلىق گۈزەللىكنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن گۈزەللىككە ئۆزگىرىشى ئاسان بولۇپ قالدى. تەپسىلىي پەرقلەندۈرگەندە، ئۆزگىرىشچان گۈزەللىكنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) كارمۇنىيىدىن توقۇنۇشقا ئۆزگىرىش: ئىككى دۆلەت شائىرلىرىنىڭ تەپەك-كۇرى كۈنسايىن مۇرەككەپلىشىشى نەتىجىسىدە، قارىمۇ - قارشىلىق، ئۆزگىرىش، بىمەنىلىك، مۇكەممەللىك، مۇناسىپلىق، تۇراقلىق بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى گۈزەللىكنى تۇتۇ-ۋېلىپ، شېئىرنى تېخىمۇ ئەۋرىشىملىككە ئىگە. مەنا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. مەسىلەن: يېۋتوشىنكو قەلب توقۇنۇشىدىن ھاسىل بولغان شەكلى ئۆزگەرگەن تەبىئىي گۈزەللىكنى ياراتتى:

«ھەر رەڭ - سەررەڭمەن.
قىلمىشقا ئىشى يوق ھالىدىن كەتكەن،
لايىقمەن ھەم لايىق ئەمەسمەن.
سىغمىشمايمەن پەقەتلا،
كىشىلەرگە بەرمەيمەن شادلىق،
تارتىنچاقمەن نومۇسسىز يەنە،
ئاق كۆڭۈلمەن تاش يۈرەك ھەمدە.
ياخشى كۆرىمەن،
ئالمىشىپ تۇرۇشنى ھەممە نەرسىنىڭ»
«كىرىش سۆز»

يەنە مەسىلەن: بەي داۋ تاشقى ئالەمدىكى توقۇنۇشتىن بىر - بىرىنى تولۇق-لايدىغان گارمونىيىلىك گۈزەللىكنى بايقىدى.

«پەسكەشلىك، پەسكەشلەرنىڭ يول خېتى،
ئالىيجانابلىق ئالىيجانابنىڭ ئابىدىسى.
باق ئەنە زەرگۈن كۆكتە يۈرەر لەيلەپ،
جەسەتنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆلەڭگۈسى.
«جاۋاب»

يېۋتوشىنكو بايقىغان زىددىيەتلىك قەلبكە، بەي داۋ كۆرگەن ئادالەتسىز

دۇنياغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. لېكىن ھەممىسى چىن، راست بولغاچقا، چىنلىق گۈزەللىككە ئۆزگىرىپ، شائىر ئىچكى دۇنيا ۋە تاشقى كۈچىنىڭ توسقۇنلۇقىنى يېڭىپ ئۇرغۇتقان ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

2) مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىنكار قىلىشقا ئۆتۈش: شېئىرنىڭ قىممىتى يېڭىلىق يارىتىش، گۈزەللىك بىلەن يېڭىلىق چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن. ئىككى دۆلەت شائىرلىرى ئەنئەنىۋى مۇقىملاشتۇرۇش جۈملە شەكلىنى بۇزۇپ، يېڭى ئىنكار شەكلىگە ئالماشتۇردى؛ ھېسسىياتنى توغرىدىن - توغرا ئۇرغۇتمىدىغان قۇرۇق شەكىلگە بىر نەچچە ئۆلۈش مەنا بەردى. مەسىلەن:

«چۆرىسىگە شاخ - شاخلىرىنىڭ،
تۆكۈلمەيدۇ بەلكىم ئالۇچا.
ئالما بەلكىم تۆكۈلمەس غولى ئاستىغا،
كەم سۆزلۈك بولۇۋەرمەس ئاقىلدىن دېرەك.
قىزىقچى بولۇۋەرمەس سەممىيە قىز.
ناتايىن گۈزەلنىڭ پۈچەك بولۇشى،
ھەمىشە ياخشى كۈن كۆرەلمەس ئەخمەق —
ھەمىشە بولمىغاي ئاشىققا تۈز يول
بويتاق ھەمىشە بولمىغاي شورلۇق.»
(سائاچاق «ناتايىن»)

سابىق سوۋېتلىك بۇ ياش شائىر ئۆزگىرىشچانلىرىك شەكلىنى ئىشلىتىپ كىشىگە قاتمال تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىش لەززىتىنى بېغىشلايدۇ. جۇڭگونىڭ ياش شائىرى شۇتىڭ «بۇ ھەم ھەممە» دېگەن شېئىرىدا يۇقىرىقى شەكىلنى ئىشلىتىپ ئىستىقبالىنى تۇتۇق دەپ قارىغان بىر ياش بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، زوقلانغۇچى شەكىلدىن ئىستېتىزملىق زوق ئالىدۇ.

«ھەممە دەرەخ سۇنماس بورانىدا،
ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم —
تاپالماي قېلىشۇۋەرمەس ئۆزىگە تۇپراق.

سەممىيلىك ھەمىشە پۈتۈن —
يوقاپ كەتمەس قۇملۇقىدا كۆڭۈلنىڭ.
رازى بولۇپ كەتمەس ئېھتىمال،
ھەممە خىيال سۇنۇشىغا ئۆزىنىڭ.»
«بۇ ھەم ھەممە»

3) ئۇدۇل سۆزلەشتىن ئەترىپلىق سۆزلەشكە ئۆتۈش: بۇ ھەم ئىككى دۆلەت شائىرلىرى ئىستېتىزملىق پائالىيىتىدە ئورتاق ياراتقان يېڭىلىق بولۇپ، ئوخشاش مەنىدە تەكرارلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. مەسىلەن:

«مەن ياخشىنىڭ ياخشىسى،
سەن ياخشىنىڭ ياخشىسى،
ئۇ ياخشىنىڭ ياخشىسى.
ئۇنداق بولسا ئېيتقىنا قېنى؟
يامان ئادەم، يامان ئىش،
پەيدا بولدى قەيەردىن؟»
(ئەيمى: «قەدەم سۆزدىن كەلگەن تەسىرات»)

مەسىلەن:

«ھەممە يەر ئايلانسا خارابىلىقتا،
قانداق دېيەلەيمەن داغدام يوللارنى،
سوزۇلغان دەپ ئاياغ ئاستىدىن.
كۆزۈڭگە قادالسا يول چىراغلىرى
ھەقىقىي يۇلتۇز دەپ ئويلىمەن ئۇنى.»
(بېي داۋ «قىزىل يەلكەنلىك كېمە»)
«ھەممە بۇلۇڭ تولسا نۇر بىلەن،
كىم يۇلتۇزغا بولىدۇ مۇھتاج.
كىم تىكىلىپ تۈننىڭ قوينىدا،
تەسەللىگە بولۇر ئىنتىزار.»
(جياڭ خې «يۇلتۇزلار مارشى»)

بۇ يەردە رىتورىك سوراقنىڭ نېمىنى بايان قىلغانلىقى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت قايمۇقۇش ۋە قايغۇرۇش ئېڭىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ خالاس. بۇ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئەگىشىپ پەيدا بولغان يېڭى ئىستېتىزملىق قىزىقىشتۇر.

ئىماگلاشتۇرۇش جەريانىدىن سۆز ئاچساق، جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئوخشاشلىق ئىچىدە پەرقمۇ بار ئىدى؛ ئاۋۋال باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشاشمايدۇ؛ جۇڭگو - سابىق سوۋېت شېئىرىيىتى يېڭى دەۋر باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئوخشاشلا چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. جۇڭگودا بارچە خەلق سەككىز ئۆلگىلىك تىياتىرنى كۆرۈۋېرىپ ھەتتا روسىيىلىكلەر ماختىغان ۋە كلاسسىك دەپ ئاتىغان پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىنىمۇ زەھەرلىك چۆپ، دەپ قارىغانىدى. مۇبادا «شەخسكە چوقۇنۇش» خۇراپاتلىقىنى تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياخشى شېئىرلار ئاز ئىدى دېيىلسە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن جۇڭگودا راست سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنمىغان يەردە ئەلۋەتتە ياخشى شېئىرنىڭ بولۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئەمەلىيەتتە شېئىر سەپسەتە بىلەن ھەرگىزمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت - تەرەققىيات ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدۇ. جۇڭگو شېئىرلىرى ناھايىتى قەدىمىي ئىماگىزملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. يېقىنقى 30 يىلدىن

بىرى كىشىلەر، ئۇ خىل قىممەتلىك ئەنئەنىنى چۆرۈۋەتكەن بولسىمۇ، شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ ئاخىرقى چەككە يەتكەندە، ئارقىغا قايتىدىكەن، دېمەك بۇ قىممەتلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشتا قىيىنلىشىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يېڭى زامان شېئىرىيىتىدە، ئىماگىزملاشتۇرۇش جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن تېز بولدى. ئىككى دۆلەتتە باشلىنىش ئىزقىتىسىدىكى 20 يىللىق پەرققە قارىماي «كۆڭگا شېئىرلار» ئىككى دۆلەتتە (1985 - يىل) ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇڭگو شائىرلىرىنىڭ مودېرنىزملىق خاھىشى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرلىرىنىڭ مودېرنىزملىق خاھىشىدىن ئۈستۈن بولدى. ئىككى دۆلەتنىڭ بىر دەۋردە كۆتۈرۈلگەن ئاتاقلىق شائىرلىرى ئىچىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپا- قىدا «كۆڭگا» شېئىر يازىدىغان ۋوژنېسېنسكىدىن باشقا شائىر يوق ئىدى. جۇڭگودا بولسا «بوگۇنچىلەر» نىڭ ئاساسلىق كۈچى (بېي داۋ، شۇتىڭ، ياڭ لىيەن، جياڭ خې، گۇچېڭ قاتارلىقلار) پۈتۈنلەي دېگۈدەك «كۆڭگا» شېئىر يازغان؛ ھەتتا بەزىلەر «كۆڭگا» يازىدىغان شائىر دەپ ئاتالغانىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان شائىرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى غەرب مودېرنىزم شېئى- رىيىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىدىن زور بولمىدى. بۇ، جۇڭگو شېئىرىيىتى بىلەن غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ بەزى جەھەتلەردە (ئىماگىزملىق سەنئەت) ئوخشاشلىق تەرەپنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سابىق سوۋېت شائىرلىرى رۇس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن، سۆز شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، قاپىيىلىك شېئىرلار ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ياراتقاچقا رۇس شېئىرىيىتىدىكى چاچما شەكىللەر قاپىيىلىك شېئىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىدى①. بۇنىڭ ئەكسىچە جۇڭگودا ھازىرغىچە يېڭى قاپىيىلىك شېئىرلار يارىتىلمىغاندىن باشقا، ئىماگىزملىق ئىچكى رىتىمغا ئىزلىنىپ، مۇزىكىلىق گۈزەللىك يارىتىدىغان چاچما شېئىرلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ بوشلۇق كۈچى، سابىق سوۋېت شېئى- رىيىتىنىڭكىدىن ئازراق، ئەمما نەتىجىسى زور بولدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان «شەخسكە چوقۇ- نۇش» قا قارشى تۇرۇش يېڭى دەۋرى بىلەن جۇڭگودا 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلى- رىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئاغدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كەلگەن «ئىككى ئومۇمەن» نى بىت - چىت قىلىش دەۋرى، ئىككى دۆلەتنىڭ شېئىرىيىتىگە ئىلگىرى - كېيىن كۆللە- نىش ئېلىپ كېلىپ شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئۆزگى- رىش 20 - ئەسىردە، بىزنىڭ يەر شارىمىزدا شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل يۈزلىنىشىگە يەنى «نوقۇل كۆرەشكە قورال بولۇش» تىن، شېئىرنىڭ ئەستېتىزملىق ئۈنۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، سىياسىغا بېقىنىشتىن مۇستەقىل سەنئەت بولۇشقا ۋەكىللىك قىلدى. ئىككى دۆلەت شېئىرى گۈزەللىك يۈزلىنىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە تولىمۇ ئوخشاشلىق، شۇنداقلا يەنىلا ئۆزئارا پەرقىمۇ بارئىدى. ئوخشاشلىق — كۆپ

① (يېۋتوشېنكو «نىدىيىنىڭ مۇزىكىلىقى» يېۋتوشېنكو شېئىرلار توپلىمىغا كىرىش سۆز).

تەرەپلىنىش، ئۆزلۈكلىشتۈرۈش، ئىشاكلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەققىيات يۆنىلـ
ىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ تەرەپلىنىش — سىياسىي خىزمەت قىلىـ
دىغان يەككىلىككە زەربە بېرىش، شۇنداقلا ياماننى يوشۇرۇپ، ياخشىلىقنى
مەدھىيىلەش شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن يۈز ئۆرۈش ۋە يەككە تەپەككۇر مۇقىملى-
قىنى بۇزۇش. «ئۆزلۈك» لەشتۈرۈش — شائىرنىڭ بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىقىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەزمۇن قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىنساننىڭ ماھى-
يىتىنى ئىگىلەشتۇر. ئىشاكلاشتۇرۇش — شېئىرنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى
بولۇپ، شېئىرىي گۈزەللىك ساھەسىگە بىۋاسىتە يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى؛
تەكشى گۈزەللىكتىن ستېرېئولۇق گۈزەللىككە، رىتىم گۈزەللىكىدىن ۋەزىن گۈزەل-
لىكىگە ۋە ئاددىي گۈزەللىكتىن ئۆزگىرىشچان گۈزەللىككە كىرگەيدى. بۇ يەردە
پەرق شۇكى: باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشاشمايدۇ؛ سۈرئەت ئوخشاشمايدۇ؛ قىيىنلىق
دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ؛ ئېغىش دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ. كۆلىمىنىش يېتىپ
كېلىشتىن بۇرۇن ئىككى دۆلەتتە شېئىرىي گۈزەللىك دېگۈدەك ھالاكەتكە يۈزلەن-
گەن: بولۇپمۇ 10 يىل ئاپەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن جۇڭگودا تېخىمۇ كەۋدىلىك
بولغان؛ بۇ ئەھۋال جۇڭگو شېئىرىيىتى ساھەسىدە شېئىرىي سەنئەتكە ئىزلىنىش
جەريانىنى ۋە شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگودا ئويغانغان بىر ئەۋلاد شائىرلارنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئويغانغان شائىرلارغا سېلىشتۇرغاندا جۇڭگو شائىرلىرىنىڭ غەيرىتى يېتىشمەيدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىكى پەرق ئامىللىرى زور تېپى-
لارنى (مەدەنىيەت ئىنتىلا بىلەن ئوخشاش) قېزىشقا تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭگودا سابىق سوۋېت
شائىرلىرى يازغاندەك تارىخنى ئويلىنىدىغان داستان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر
يېزىلمىدى. ئەمما جۇڭگو شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئىشاكلاشتۇرۇش جەريانى
يەنىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئەھۋالىدىن كۆپ
ئەۋزەللىككە ئىگە بولدى.

سىدىقھاجى روزى تەرجىمىسى

(شېئىرلارنى ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە قىلغان.)

********

# «تەرمىلەر» دىن تەرمىلەر

**مۇھەررىردىن:** جۇڭگودا تىراژىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان «كىتابخانلار» دىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانلار ئۆزلىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تاللاپ كۆرسەتكەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ھەر خىل ئېستېتىك قاراشقا ئىگە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەچكە، جۇڭگو ئاممىباپ شېئىرىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ شېئىرلاردىن تاللاپ بەردۇق.

## سايە

ۋاڭ جىڭلۇڭ

شامال غۇۋا
يامغۇر غۇۋا

ئۇچرىشىش غۇۋا
ئايرىلىش غۇۋا

پەقەت سېنىڭ ئاشۇ
ئورۇق سايەڭ

خۇددى ئۇتتەك
قەلبىمدە ھامان.

## ئارزۇ

دىڭ جۇنپېڭ

ھېسسىياتىمدىن ياسىغان مەينى،
ئىتتىپ بېغىشقا ساڭا تۇتسام دەيمەن.
قەلبىمدىكى دەردلىك سىرلارنى،
يىڭنە دەرىخىگە ئېسىپ قويسام دەيمەن.
قانلىرىمدىن ياساپ بىر قىزىل قول ياغلىق،
كۆزلىرىڭدىكى ئازابىنى سۈرتسەم دەيمەن.
تارتىنچاق ئىسمىسىنى گۈل قىلىپ،
قەلبىڭدە ئېچىلدۇرسام دەيمەن.

## كېمە

لىفامۇ

قەلبىڭنىڭ كېمىسى، سېنىڭ قەلبىڭنىڭ—
دېڭىزى قوينىغا كىرسە ئىچكىرىلەپ.
يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى كەتمە ئەيىبلەپ،
كېمىگە قاچىلانغىنى پارلاق مۇھەببەت.

كېمىنىڭ تەشۋىشى دولقۇن خىرىسى،
كېمىنىڭ تەشۋىشى بوراندا قالماق.
ۋە لېكىن ئىستەيمەن ھېسسىياتىڭنىڭ،
دولقۇنى ئۆرۈسە كېمەمنى، مەڭگۈ—
باغرىڭغا چۆكسەمتىم چوڭقۇر، ئەي قىزچاق.

## پەسىللەر رايى

شاۋشۇنمېي

تۇنجى كۆرگەندە سېنى، بەرگەن ئىدىڭ قەلبىڭنى سەن،
ئىچىدە كۈلۈپ يېتىپتۇ نەۋباھارنىڭ سەھىرى.

ئىككى كۆرگەندە سېنى بەرگەن ئىدىڭ سۆزۈڭنى سەن،
سەن دېيەلمەي قالغىنىڭ شۇ پىژغىرىم ياز تومۇزى.

ئۈچ قېتىم كۆرسەم سېنى بەرگەن ئىدىڭ قولۇڭنى سەن،
ئىچىدە پىنھان يېتىپتۇ كۆز غازاڭلىق مەزگىلى.

سېنى ئاداققى كۆرۈشۈم قىسقا بىر چۈشۈم ئىكەن،
چۈشلىرىمدە بار ئۈزۈك ھەم جۇت زىمىستان شامىلى.

## كۆز

ياڭلىيەن

تېرىۋالدىم يەردىن بىر تال ياپراقنى،
ئاستاغىنە قالدۇرماستىن ئۆكۈنۈش.
ئالتۇن رەڭلىك كېمىدۇر ئۇ ئىزدىشىكە،
قاچىلانغان كۆزدىكى شۇ كەچۈرمىش.

ياپراق كىردى ئارىسىغا كىتابىمنىڭ،
ئېچىلغان غۇنچە غايىب بولدى كېچىدە.
تامچە شەبنەم چاقناپ تۇرغان سۇس رەڭدە،
ھىجراننى ئۇ ئايان قىلدى يۈرەككە.

يۈتتۈرگىنىم مەيلى يۈتكىن يوقتۇر،
ئايرىلغانلىقتىن تەن بەرگۈلۈك ھىجرانغا.
قىزغۇچ تىلدا خىتاب قىلار كۆز پەسلى،
ھايات مەڭگۈ ئىسكە يېڭى مەناغا.

ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەش ئەسلى نەھاجەت،
نەھاجەتتۇر ئۆز ئۆزۈڭنى ئەيىبلەش.
ئاستاغىنە يەردىن ئالغىن بىر ياپراق،
ئاستاغىنە قالدۇرماي ھېچ ئۆكۈنۈش.

## يىراق ۋە يېقىنلىق

گۇچېڭ

سەن
گاھ قارايسەن ماڭا
گاھ بۇلۇتقا
تۇيۇلىسەن
ماڭا قارىغىنىڭدا بەك يىراق
بۇلۇتقا قارىغىنىڭدا بەك يېقىن

## يەنىلا ئىشىنىمەن

سايېشەن

(شۇناملىق شېئىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۇپلېتى)
ئالدانسامۇ مىڭ قېتىم، ئونمىڭ قېتىم
ئىشىنىمەن يەنىلا.
باردۇر ھامان بىرەر يورۇقلۇق كۆل
باردۇر ھامان بىرەر تامچە ئىسسىق قان
باردۇر ھامان بىرەر سەمىمىي ھېسسىيات.

## تۈندە خەت ئوقۇش

لوفۇ

تۈندىكى چىراغ
كىيىم كىيمىگەن بىر
كىچىك دەريا.
خېتىڭ خۇددى بېلىقتەك كەلدى ئۈزۈپ،
ئوقۇدۇم سۆزىڭ ئىللىقلىقىنى.
ئوقۇدۇم پېشانەڭدىكى تەسىرلىك قاسراقنى،
ئوقۇدۇم دەريانى،
ئوقۇغاندەك ئەينەكنى.
ئوقۇدۇم ئەينەكتىكى تەبەسسۇمىڭنى،
ئوقۇغاندەك كۆپۈكنى.

## چاي لىرىكىسى

جىيالاڭسۇ

1

مۇبادا بولساق
مەن قايناپ تۇرغان سۇ،
سەن چاي
ئۇ چاغ سېنىڭ تەمىڭ خۇش ھىدلىك،
تايىنىدۇ مېنىڭ تەمىم يوقلۇقىغا.

2

سېنىڭ يۇمران غازاڭ ياپرىقىڭ
باغرىمدا ئېچىلىدۇ يېيىلغىنىچە.
سۈزۈك يارقىنلىقىم
نامايان قىلار سېنىڭ ھۆسنىڭنى.

3

ئىسسىقىم كېرەك تا قاينىشىمغىچە
شۇ چاغ ئايلىنىمىز بىر گەۋدىگە.

4

بىز مۆكۈنۈپ
چىرمىشايلى، بېقىشايلى سۇ ئىچىدە.
بىر پىيالە چاي بىلەن
ئايلىنايلى بىر خىل رەڭگە ئىككىمىز.

5

مەيلى قانداق لەيلەپ چۆكۈپ يۈر
بىر ئورۇندا تۇرماي جىم.
بەربىر
ئاقىۋەت چۆكىسەن ئاستا
باغرىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە.

6

ئۇ چاغ
ئەڭ ئاچچىق بىر تامچە يېشىڭ.
بولغۇسى ئەڭ تەملىك
بىر يۇتۇم چېيىم.

---

(بېشى 48 - بەتتە)

سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئادەت تېپىشى ۋە ئادەت تاپالماسلىقى ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئادەت تېپىشىنى ئىپادىلەپ بەردى. بىزنىڭ ئىشلىگەنلىرىمىز پەقەت كونكرېت بىر پارچە خەتنىڭ يالغانلىقىنى ئايرىپ چىقىش خىزمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى، يەنىلا ئۇنىڭ بىر دەۋرنىڭ تاماملىنىشى ۋە يەنە بىر پۈتۈنلەي يېڭى بولغان دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا.

بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا، سۇبەي ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز!

جۈملىدىن ئاپتور بىلەن ئۇچرىشىپ سۆزلەشكەن، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ئۇستازلارغا، دوستلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۆمەر ئەخمەدى، ھەبىبۇللا رېقىپ تەرجىمىسى

(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى (خەنزۇچە) نىڭ 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانلىرىدىن ئېلىنىپ تەرجىمە قىلىندى).

# «كەكمەنىر شېئىرلىرى» قول يازمىسىنىڭ ساختىلىقى توغرىسىدا

ياڭ نيەن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

خىزمەتكە بەلگىلەنگەندىن كېيىن، مەن ئىسكىلاتنى تەرتىپكە سېلىپ رەتلەشكە كىرىشتىم، مەن 8 - قېتىملىق ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، ئىسكىلات بىر قەدەر قالايمىقان بولغانلىقتىن، تەخمىنەن 1962 - يىلى مىيرەندىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ساقلىنىدىغان ساندۇقتىن بىر پارچە خەتنى كۆردۈم. ئىككىلا تەرىپىگە مىللىيچە خەت يېزىلغانىدى. مەن ئۇنى قوياش نۇرىغا تۇتۇپ قارىسام، ئىچىدە يەنە خەت بارلىقىنى بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى نەمدەپ ئاجرىتىۋەتتىم.»

S نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى مۇنداق: 1963 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، 1966 - يىلى ئىدارىگە قايتىپ كەلگەن. 1970 - يىلى مۇزېيدىن يۆتكىلىپ كەتكەن. قارىغاندا، شېئىر قول يازمىسىنى ئاجراتقاندىن كېيىن، ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە تېخى بىر ئاز مەخپىيەتلىك ساقلاش پوزىتسىيىسىمۇ بىنارەك قىلىدۇ. مۇقىم-لاشتۇرۇشقا بولىدۇكى: شېئىر قول يازمىسىنى بىرىنچى دەرىجىلىك مەدەنىي يادى-كارلىق سۈپىتىدە چارقىلىقتا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، پەقەت L بىلەن S لا ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋە كۆرگەن.

بىز شېئىرلار قول يازمىسىغا دائىر ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ چىقتۇق:—

1959 - يىلى 10 - ئايدا مىيرەندە بايقالغان. (بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق بىرىنچى قول ماتېرىيال يوق.) 1962 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە S ئۇنى ئاجرىتىپ چىقىپ، شېئىرلار قول يازمىسىنى بايقىغان. (بۇ پەقەتلا S نىڭ ئۆزىنىڭ بايانى، بۇنى كۆرگەن ئادەم ۋە ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق).

1969 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاتالمىش «لىن بياۋ فۇجۇشىنىڭ 1 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى» چىقىرىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق بويىچە تارقاق-لاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغاندىلا ئاندىن L بىرىنچى قېتىم بۇ مەدەنىي يادىكارلىقنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە جىيايىگۈەن قاتارلىق كىشىلەر بۇ شېئىرلار قول يازمىسىنى كۆرگەن. (شۇ يىلىدىكى ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە تارقاقلاشتۇرۇش ئۇشتۇمتۇت بولغان، شۇڭا L ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بارلىقىنى بۇرۇنلا بىلىدۇ.) «ئۇرۇش تەييارلىقى» شامىلى تۈگەپ شېئىرلار قولىيازمىسى بىلەن بىللە

تارقالاشتۇرۇلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار يەنە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت زالىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. (بۇ ھەقتە لى يۈچۈن: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن» كېيىن مۇزېي بىر مەزگىل تاقىۋېتىلدى، بىز كۆرگەزمىگە كېلىپ ئىشقا چۈشتۇق. مەن كۆرگەزمىنىڭ 2 - قەۋەت كۆرگەزمە زالىدا تۇنجى قېتىم شېئىرلار قول يازمىسىنى كۆرگەنىدىم. مەن ئۇنىڭدىن «ئۇ نەدىن كەلتۈرۈلگەنكەن؟»— دەپ سورىغاندا، مۇزېيدىن ئېلىپ كەلگەن دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. غەلىتىلىك ھېس قىلغىنىم شۇكى، مەن ئەزەلدىن ئۇ توغرىدا بىرەر گەپ ئاڭلىمىغان ياكى ئۇنى كۆرگەن ئەمەسمەن. كېيىن بېيجىڭدە كۆرگەزمە قىلىنغاندا بېيجىڭگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. دېگەن).

## 10 - بىر نەچچە كونكرېت مەسىلە

تەكشۈرۈشىمىزچە شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىلىپ كۆرگەزمىگە قويۇلۇش جەريانى مۇنداق بولغان: بېيجىڭدىن ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئەۋەتىپ كۆرگەزمە قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا، شىنجاڭ ئالدى بىلەن سابىت قاتارلىق كىشىلەردىن بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئەۋەتىپ بەرگەن. سابىت بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا، مۇزېيدىن لىن فۇسەي ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ، يەنە بىر نەچچە پارچە نەرسە تېپىلدى، ئىنتايىن مۇھىم - دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇزېيدا تۇرۇۋاتقان ھەربىي ۋەكىل ۋاڭ شۇندې (ئايال) بۇ بىر نەچچە مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقنى (شېئىرلار قول يازمىسمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بېيجىڭگە ئېلىپ بارغان. دەسلەپ شۇ چاغدا مەدەنىي يادىكارلىقلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ۋاڭ جېنچيۇ كۆرگەن، يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلەرنى چاقىرىپ كۆرسەتكەن ۋە دەرھال گومورۇغا ئەۋەتىپ بەرگەن. گومورو شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ تېپىلىش جەريانىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولغاندا، سابىتتۇ ئېنىق بىلمىگەچكە، يەنە شىنجاڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەرگەن.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ يۇقىرىقى ئىسپاتلىشىمىز ۋە تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسەن، «كەكمەنبىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» 1959 - يىلى مىرەندىن تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چاپلىشىپ كەتكەن نېمىنىڭ بىر پارچە خەت - چەك ھېسابلىنىشى ناتايىن، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئۇنى تاڭ دەۋرىدىكى «كەكمەنبىر» نىڭ يېزىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، «كەكمەنبىر» دېگەن بۇ ئادەممۇ مەۋجۇت بولغان بولۇشى ناتايىن. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىز جەريانىدا، شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ راست ياكى ياسالغانلىقىغا چېتىلغاندا بېرىلگەن جاۋابلارنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالغا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرسى، شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. گۇمانلىق مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ؛ يەنە بىرسى، گۇمانلىق مەسىلىلەر بار، لېكىن بۇ مەدەنىي يادىكارلىقنىڭ بولغانلىقى ھەقىقەتەن راست، بۈگۈنكى

كىشىلەرنىڭ ياساپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراش. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەسئۇلى سابىت (ئۇيغۇر) نىڭ قارىشى بويىچە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

خەتنى ئۇ ئۆزى كۆرگەزمىگە ئېلىپ بارغان، خەتنىڭ كۆرگەزمە قىلىنىشى، گومورونىڭ ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، سابىت باشقا بىر نۇقتىدىن بۇ ئىككى پارچە 1 - دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىقنى تەكشۈرگەن.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئەمەت شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە چاغاتاي يېزىقى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. چاغاتاي يېزىقىنى ئوقۇغاندا، خەت بەلگىلىرى ئېنىقراق بولغان تەرىپىدە بىر تۈركۈم (ئاز دېگەندە يەتتە سەككىز) جاينىڭ ئىسمى يېزىلغانىكەن. ئالدىنقى يىللاردا، سابىت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي كىتابلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قۇربان ۋەلى قاتارلىق كىشىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىغا بارغان. سابىت دەل «كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» نىڭ ئالدى - كەينى ئىككى تەرىپىنىڭ سۈرىتىنى ئالغاچ بارغان. كۈتمىگەندە ئۇ شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ ئارقىغا يېزىلغان چاغاتاي يېزىقىدىكى يەر - جاي ناملىرى بىردىمۇ كەم بولمىغان ھالدا پۈتۈنلەي ئوپال ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغان. نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئىسپاتلىدىكى، بۇ يەر - جاي ناملىرى پۈتۈنلەي شۇ يەردىكى داڭلىق مازالار (ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ قەبرىسى) بولۇپ چىققان. شۇنداقلا قەبرە ئىگىلىرى پۈتۈنلەي مەھمۇت قەشقەرى بىلەن دەۋرداش بولۇپ، 11 - ئەسىردىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق زاتلىرى ئىكەن. بۇ سابىتنى بىر ئىش توغرىسىدا ئويغا سېلىپ قويغان.

1957 — 1958 - يىللىرى، سابىت جەنۇبىي شىنجاڭدا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇ چاغدا ئىككى گۇرۇپپا چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ بىرسى دەل ئوپال يېزىسىدا خىزمەت قىلغان ھەمدە رەسمىي خىزمەت دوكلاتى يازغان، ئۇلار ئوپالدىكى قەدىمىي مازالاردا خەت يېزىلغان نۇرغۇن قەغەزلەرنى كۆرۈپ، بىر قەدەر پۈتۈنرەك، قەدىمىيرەك بولغانلىرىنى تاللاپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن ھەمدە مۇزېينىڭ ئىسكىلاتىغا ساقلاشقا بەرگەن. سابىتنىڭ قارىشىچە، «كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» دېيىلگەن نېمىنى ئېھتىمال بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئوپالدىكى مازالاردىن ئېلىپ كەلگەن كونا خەتلەر ئۈستىگە يازغان بولۇشى مۇمكىن.

سابىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بەزى ئۇيغۇر ئالىملارنىڭ قارىشىچە: چاغاتاي يېزىقىنىڭ يېزىلىشى، خەنزۇچىدىن بۇرۇنراق بولغان، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ خەتلىرىگە نىسبەتەن چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر قەغەزلەرگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا قايتا خەت يازمايدۇ، ئۇنىڭغا مۇقەددەس مازارلارنىڭ نامىنى

يېزىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئارقا تەرىپىدە چاغاتاي يېزىقى يېزىلغان ئالاھىدىلىك بويىچە تەكشۈرسەك، ئۇلارنىڭ يېزىلىشى 17 - ئەسىردىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەر ناملىرىدىكى قوشۇش ئۇسۇلى ئۇنىڭ يۇقىرى يىل چېكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ گرامماتىكىسىمۇ 17 - ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئېنىق ئىسپاتى شۇكى: ھەر بىر مازارنى «بۇزۇرۇكۋار» (ئەۋلىيا) دېگەن نام بىلەن ئاتىغان ھەمدە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ لۇغەت تۈزۈش ئالاھىدىلىكىمۇ ئارىلىشىپ قالغان.

2 - شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ «ياساپ چىقىلىش» جەريانىنى تەھلىل قىلىش بىلەن شېئىرلار قول يازمىسىنى ئەگەر كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى تەكشۈرسەك، ئۇنداقتا زادى كىم؛ قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بۇ ئىشنى قىلغان؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىز «كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» نىڭ راست ياكى ياسالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش جەريانىدا تەكرار ئويلانغانىدۇق.

بۇ توغرىدا، بىز شىنجاڭ رايونىدا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياسالغاندىن ياساپ چىقىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار (بولۇپمۇ خەت - چەكلەر) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. «گۆھەر ئىزدەش» يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر تۈرلۈك قوشۇمچە كەسپى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا زور بولغاچقا، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياسالغاندىن ياسايدىغان «كەسىپلەر» پەيدا بولدى. ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ خەت - چەكلەرنى ياسالغاندىن ياساپ چىقىدىغان «كارخانا» لار پەيدا بولدى. دەسلەپ ياسالغاندىن ياساپ چىقىغۇچىلار راست خەت - چەكلەرنى ئاساس قىلىپ ياسالغان خەتلەرنى ياساپ چىقىقان ھەمدە قارشى ئېلىشقا ئېرىشىپ، ھەممىسىنى ياۋروپادىكى ئەڭ مۇھىم مۇزېيلار يىغىۋېلىپ ساقلىغان.

## 11 - مەقسەت زادى نېمە؟

كېيىن ئۇلار سەۋىر - تاقەت قىلالماي ھەر قايسى جايلاردا غەربىي دىيارىدىكى قەدىمىي يېزىقتىكى بەزى خەت - چەكلەرنى «ئىجاد» قىلىشنى تۈزدى، بەلكى سۈنئىي ياساپ چىقىقان خەت شەكىللىرى 12 خىلغا يەتتى. ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن سىرلىق خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان شەرقشۇناسلار بارلىق تىرىشچانلىقلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئاخىر ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى. ستەيىن يازغان «قۇم ئاستىدىكى خوتەن» دېگەن كىتابىدا مەخسۇس خەت - چەكلەرنى ياسالغاندىن ياساپ چىقىدىغان بىر ئاخۇن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولغان كۆرەشنى مەخسۇس باپ ئاجرىتىپ بايان قىلغان. ستەيىن ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن كېيىن ساختا خەت - چەك ياساش «كەسپى» ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن 50 — 60 - يىللارغىچە، تۈرلۈك يوللار بىلەن يىغىۋېلىنغان غەربىي دىيار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە

بەزى ساختا قەدىمىي خەت - چەكلەرمۇ ئۇچراپ تۇردى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى: مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياساپ چىقىشنىڭ ئېكىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئاساسەن پايدا ئېلىش (ئايرىملىرى نام قازىنىش) ئۈچۈن قىلىنغان. شەخسنىڭ نام - مەنپەئەتىنى ئويلىماي ساختىلىق بىلەن يالغاندىن ياساپ چىقىش مۇمكىنمۇ؟ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە پۈتۈنلەي مۇمكىن. 50 -، 60- يىللاردا مۇشۇ خىلدىكى «شەخسىيەتسىز» پىرىنسىپنىڭ كېلىپ چىقىش شارائىتى بارئىدى.

بىزنىڭ ئىسپاتلىغىنىمىزدەك: شېئىرلار قول يازمىسى چاپلىشىپ قالغان بولسىمۇ، خاتا ھالدا ئۇنى بىر پارچە خەت - چەك ھېسابلاش، قىلچە ئىمكانىيىتى بولمىغان يالغانچىلىق بولۇپ، ئۇ شېئىرلار قول يازمىسى توغرىسىدىكى بىر قاتار يالغانچىلىقلارنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ئۇنداق بولسا، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇكى، شېئىرلار قول يازمىسىنى بىر - بىردىن ئاجراتقان 1962 - يىلى دەل شېئىرلار قول يازمىسىنى ساختىلىق بىلەن ياساپ چىققان تەخمىنى ۋاقىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، بىز شېئىرلار قول يازمىسى 1962 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ساختىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دېيىدىغان پەرەز بىلەن پىشىك تەلەپ قويدۇق ھەمدە ساختىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىغا كەم بولسا بولمايدىغان ئالتە تۈرلۈك شارائىت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك دېگەن پەرەزگە كەلدۇق: يەنى ① 60 - يىللاردىن 70 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ مۇزېيىدا ئىشلىگەن. ② ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇ بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭنىڭ مىللىي مۇناسىۋىتىنى بىۋاستە كۆزەتكەن، ئەمما يۈزەكى چۈشىنىدىغان ۋە يۈزەكى تەسىراتقا ئىگە. ③ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ④ كونا مائارىپ ئاساسى بار. ئەڭ بولمىغاندا بىرنەچچە يىل خۇسۇسىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ⑤ يېرىم يولدا قوشۇلۇپ قالغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارخېئولوگىيە ھەۋەسكارى. ⑥ مۇزېيغا كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى باشتىن - ئاخىر ياخشى بولمىغان، ئىزچىل تۈردە نەتىجە قازىنالمىغان، لېكىن بىرەر نەتىجە قازىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن.

ئاندىن كېيىن، بىز بىرىنچى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى رەتكە تىزىپ سېلىشتۇردۇق. ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ۋاستىلىك ئىگىلىدۇق. لېكىن توغرىلىقىدا قىلچە مەسىلە يوق. بىزنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىشىمىز ئارقىلىق ماتېرىياللىرى يۇقىرىقى ئالتە تۈرلۈك شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان پەقەت بىرلا ئادەم يەنى L بولۇپ چىقتى، پەقەت بىردىنبىر سەل - پەل تۈزىتىدىغان يېرى شۇكى، L نىڭ بوۋىلىرى چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن خەنزۇ ھەربىي ئەربابلارغا مەنسۇپ.

بۇ چاغدا، گېزىت - ژۇرناللاردىكى يازما ماتېرىياللارنى كۆرگەندىن باشقا بىز شېئىرلار قول يازمىسىغا ئائىت ھېچقانداق ئەھۋالنى بىلمەيتتۇق. لېكىن

تەكشۈرۈشنى باشلاش بىلەنلا بارلىق گۇمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك L بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. بۇ تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغانلىقمۇ ياكى بىزنىڭ پەرىزىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىمۇ؟

1969 - يىلىدىكى ستراتېگىيىلىك تارقاقلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، شېئىرلار قول يازمىسىغا دائىر ئىككى پارچە خەت بارلىقىنى پەقەت L بىلەن S لا بىلەتتى.

بىرىنچى دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بەلگىلەش ۋاقتىدا، شېئىرلار قول يازمىسى بارلىقىنى L لا ئوتتۇرىغا قويغان.

L نىڭ ئۆزى جىياڭچىڭ قاتارلىقلارنى باشلاپ توپا - چاڭ قاپلاپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىسكىلاتتىن شېئىرلار قول يازمىسىنى تېپىپ چىققان.

1988 - يىلى قىشتا ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بىز يەنە 1962—1963 - يىللىرى L تۆۋەنگە چۈشۈرۈلمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇ چاغلاردا L نىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقىنى بىلدۇق. بىز يەنە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن L مۇزېيىدىكى ئۇيغۇر خىزمەتچىلەرگە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان، L ئۇلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتكەندە مۇنداق بىر ئىشنى يەنى بۇرۇنقى ۋاقىتتا، باي ناھىيىسىدە بىر خەنزۇ مەخسۇس ئۇيغۇر بالىلىرىغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ئاچقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى بىر ئۇيغۇر بالىسى مەكتەپكە كىرىپ خەنزۇچە ئۆگەنگەن. يەتتە ياشتىن باشلاپ ئىنچىل تۈردە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى مەخسۇس بىر كىتاب يازغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. L يەنە چالا - بۇلا شېئىر يېزىشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىمىزنىڭ بىرىنچىسى L بولدى. بىراق ئۈرۈمچىگە كېلىپلا L نىڭ راك كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. شۇڭلاشقا L بىلەن شېئىرلار قول يازمىسى توغرىسىدا بىۋاستە سۆزلىشەلمىدۇق. شېئىرلار قول يازمىسى داغدۇغا قوزغىغاندىن باشلاپ، L ھەرقانداق سورۇندا شېئىرلار قول يازمىسى توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، L نىڭ ئەلۋەتتە بىر «ھەمكارلاشقۇچىسى» بار بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزگە كەلدۇق. مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ پۈچۈركىسىنى سىلىشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ «ھەمكارلاشقۇچى» چوقۇم S بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا كەلدۇق.

S بولسا ئىسكىلات ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «شېئىرلار قول يازمىسىدىن ئىبارەت بۇ ‹مۆجىزە› نى تاپقان» مىش، 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ L بىلەن كوللېكتىپ ياتاقتا بىللە يېتىپ، بىر ئاشخانىدا تاماق يېگەن، شۇڭلاشقا L دائىم S غا مەدەنىي يادىكارلىقلار — ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن.

## 12 - بىۋاسىتە ئىسپاتنىڭ تېپىلىشى

بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا، مۇزېينىڭ ماتېرىيال تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچىلىرى، مەسىلەن: ۋۇجېك، جيا يىڭيىلار دەسلەپتىلا شېئىرلار قول يازمىسى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ خەت شەكلى S نىڭ خېتىگە بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ شېئىرلار قول يازمىسىنى ئوخشىتىپ يېزىپ چىققانلىقىغا چېتىلىدىغان مەسىلە.

مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تەكرار ھالدا S ئۆزىنىڭ شېئىرلار قول يازمىسى ئۈستىدىن ئوخشىتىپ سىزىپ چىققانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، كىشىلەر شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ خەت ئىستىلى ئۇنىڭكىگە ئوخشايدۇ دەپ قارىغانلىقىغا بېرىلگەن جاۋاب دېدى. بىز 3-قېتىم S بىلەن شېئىرلار قول يازمىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكىنىمىزدە، S ماڭا «قەغەزلەرنى ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، خەتلەر بەكلا تۇتۇق ئىككەنلىكى بايقالغان. L بۇ چاغدا S غا «سەن ئۈستىدىن ئوخشىتىپ سىزىپ چىققىن. مېنىڭ كۆزۈم ناچار، ئېنىق كۆرەلمەيمەن» دېگەن، S شۇنىڭ بىلەن L نىڭ كونكرېت يول كۆرسىتىشى بىلەن ئېنىق بولمىغان يەرلەرنى ئۈستىدىن ئوخشىتىپ سىزىپ چىققان. بۇنداق دېيىشىمۇ شېئىرلار قول يازمىسى توغرىسىدىكى باشقا-باشقا گەپلەرگە ئوخشاشلا، پىشىقراق ئويلانساق پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

L كۆزۈم كۆرەلمەيدۇ دەپ، S نى ئوخشىتىپ سىزدۇرغان، لېكىن، ئۈستىدىن سىزىپ چىققان، دېيىلسە مەنتىقىغە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ يەنە سىزىپ چىقىلغان دېيىلسە، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر كەكمەنبىرنىڭ خەت ئىستىلى بويىچە باشقىدىن سىزىپ چىقىلسا، قانداق قىلىپ سىزىپ چىقىلغاندىن كېيىن S نىڭ خېتىگە ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ ئاڭلىماققا خۇددى بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى لىۋتى شەكلى (خەنزۇچە خەت شەكلىنىڭ بىر خىلى) بىلەن «قىزىل خەت ئەندىزىسى» ئۈستىدىن ئوخشىتىپ سىزىپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي چەت ئەل يېزىقىغا ئوخشاپ قالغاندەك بولۇپ قالغان! لېكىن ئاپتور شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ئۇنىڭدىكى قەلەم ئىزلىرى پۈتۈنلەي بىر قېتىمدىلا يېزىلىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۈستىدىن ئوخشىتىپ سىزىپ چىققان ئىزلار مۇتلەق يوق!

تەھلىلىمىز مۇشۇ يەردە توختىسۇن، بىزنىڭ پەرىزىمىزمۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ باردى. «كەكمەنبىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» نى ھەقىقەتەن L يېزىپ چىققان، S ئۇنى ئوپالدىن تېپىلغان ئىككى پارچە كەمتۈك قەغەزگە كۆچۈرگەن.

1990-يىلى 12-ئايدىن 1991-يىلى 1-ئايغىچە، ئاپتور يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. يېڭى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، L نىڭ بولتۇر ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ «سىر»نى كېيىنكى كىشىلەرگە قالدۇرۇپ

تارىخقا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئايرىپ چىقىشتا، پەقەت ئىككىلا چارە بار ئىدى: — بىرسى كاربون 14 ئارقىلىق باھالاپ چىقىش، ئىككىنچىسى — خەتنى باھالاپ بېكىتىپ چىقىش.

S بىلەن ئۇزاق پاراڭ سېلىشىش جەريانىدا مەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم، شۇنداقلا خەتنى باھالاپ بېكىتىپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىمنىمۇ يوشۇرمىدىم. مېنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندىكى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، S ئاخىرى «شېئىرلار قول يازمىسى» غا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنى يازما ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ بەردى. تۆۋەندە، چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى دېمىگەندىن باشقىلىرىنى ئەينەن ئورىگىنال بويىچە كۆرسىتىپ بېرىمىز:

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيني چوڭ كۆرۈۋېتىش ھازىرقى ئورۇنغا كۆچكەندىن كېيىن، يولداش L ماڭا شېئىر ۋاراقلىرىنى كۆچۈرگۈزگەنىدى. تەخمىنەن 1961-يىلىدىن 1962-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىل ئارىلىقىدا L بىر قېتىم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، مېنىڭ بەزى شېئىرلارنى ئىككى پارچە كەمتۈك قەغەزگە كۆچۈرۈپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە كۆچۈرۈلىدىغان مەزمۇننى بۆلەك بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ ماڭا كۆرسەتتى. ئۇنى نېمىشقا كۆچۈردىغانلىقىنى مەن زادىلا بىلمەيتتىم. كۆچۈرۈپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» گە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىپ، مۇزېيدىن ئايرىلدىم. ئىككى پارچە قەغەز قانداق قىلىپ تاڭ دەۋرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىق قىلىنىپ، بېيجىڭغا يوللاپ بېرىلگەن ئەھۋالنى مەن قىلچە بىلمەيمەن. تەخمىنەن 10 يىلدىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ «مەدەنىي يادىكارلىق» ئاتىلىپ كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شېئىر يازغان قەغەزمۇ ساقلاپ قويۇلمىغان. كېيىنكى كىشىلەرگە داۋاملىق دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنى يولداش ياڭنىيەنگە دەپ بەردىم. «كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» دېگەن نېمىنى مەن L نىڭ تەلىپى بويىچە كۆپ ئويلاپ كەتمەيلا يېزىپ بەرگەنىدىم. (تامغا)» مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شېئىرلار قول يازمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق گۇمانلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشكە ئىگە بولدى. بۇ ۋاراقنى ئۆرىگەندىن كېيىن، بىزگە پەقەت چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشلا قالىدۇ.

## 13. مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟

كىتابخانلار ئاسانلا مۇشۇئىشقا باغلاپ ئويلايدىغان مەسىلە شۇكى: شېئىرلار قول يازمىسىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر قوپال ساختا بۇيۇم، قانداقسىگە كومورو قاتارلىق مۇتەخەسسىس-ئالىملارنى 20 يىلدەك ۋاقىتقىچە راستلىقىغا

ئىشەندۈرەلەيدۇ؟ بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟

«كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىدە گومورو، كەكمەنىر كۆچۈرگەن «كۆمۈر ساتقۇچى بوۋاي» دېگەن شېئىر بىلەن دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىيەتنامىدىكى تاڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قول يازمىسىنى سېلىشتۇرۇپ، 10 ئورۇندا پەرق بارلىقىنى تېپىپ چىققان ھەمدە بۇ ئورۇنلار كەكمەنىر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «كۆمۈر ساتقۇچى بوۋاي» بىلەن دۇڭخۇاڭ تاڭ دەۋرى كىشىلىرىنىڭ قول يازمىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەمدە ھازىرقى زامان قول يازمىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىغان. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇقلا «كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» نى تاڭ دەۋرىدىكى خەت-چەكلەر دېيىشمۇ ئەمما بۈگۈنكى ئادەملەر قولىدىن (يەنى بىۋاستە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى 50 — 60 - يىللاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن كەلگەن) چىققانلىقىنىڭ بىر پاكىتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ گومورو بۇنىڭدىن شېئىرلار قول يازمىسى «ھەقىقىي، بىباھا گۆھەر» دەپ خۇلاسە چىقارغان ھەمدە ئۇنى ماختاپ:— «كەكمەنىردىن ئىبارەت بۇ قېرىنداش مىللەتلەردىن بولغان قەدىمكى زامان كىشىسىگە بىزنىڭ ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ بەيجۈيىنىڭ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە «كۆمۈر ساتقۇچى بوۋاي» شېئىرىنى كۆچۈرۈپ قالدۇرغان ھەمدە يەنە ئۆزى يازغان زومىگەر پومېشچىكلارنى قاتتىق تىللايدىغان «بۆرە ئۈستىدىن شىكايەت» دېگەن شېئىرىنى قالدۇرغان. مۇشۇ قوش كاپالەت بولغانلىقتىن قانداقلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر ئىلغار ئاكتىپ بولالايدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى جەھەتتىكى ھېسسىياتى يۈكسەك دەرىجىدە ھازىرقى كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدۇ. قارىغاندا تار مىللەتچىلىك ياكى چوڭ مىللەتچىلىك ئۇنىڭ قەلبىدە پۈتۈنلەي تۈگىگەن» — دەپ چىن قەلبىدىن مەدھىيىلىگەن.

ۋاقىت 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ سىياسىي ھېسسىياتقا تولغان خاتىرىلەرنى باشقىدىن ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، تەئەججۈپ ئىچىدە ياقىمىزنى تۇتماي تۇرالمايمىز. بىراق ئۇ يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەربىر كىشىنى — ئۆزىمىزمۇ ئىچىدە ئالغان ھالدا، قەلبىدە ئېغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغاتماي قالمايدۇ. مەيلى كىم ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىلسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى تارىخنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھەممىسى، بىزنىڭ شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ شېئىرلار قول يازمىسىنىڭ يالغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىزنى ئۆز ماھىيىتىدىن ئىسراقلاشتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئىنتايىن جىددىي بىر خىزمەتنى تارىخنىڭ كومېدىيەسىنىڭ پەردىسىنى ئېچىش مۇراسىمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

«كەكمەنىر شېئىرلىرى قول يازمىسى» نىڭ مەيدانغا چىقىشى، داغدۇغا پەيدا قىلىشىنىڭ ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار. تارىختىكى باشقا ساختا بۇيۇملار بىلەن

(داۋامى 75 - بەتتە)

# ئىستىپا

**پەرھات ياسىن**

كاتىبات باشقارمىسىدىكى سەمەت ئاكا بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئابلەتنىڭ، قولىدىكى ماقالىغا قاراپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- قانداق مەن يازغان ماقالە باشلىققا يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

سەمەت ئاكا ئابلەتكە بەكمۇ كۆيۈنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۆلۈمگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ياردەم قولىنى سوزۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئابلەتنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ قېتىم باشلىق ئۇنىڭغا بىر پارچە دوكلات يېزىشنى تاپشۇرغانىدى. سەمەت ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ-دە.

ئابلەت سەمەت ئاكىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە ماقالىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— سەمەت ئاكا مەن ماقالىنى كۆچۈرۈپ باشلىققا كۆرسەتتىم. ئۇ «ماقالە خېلى ياخشى يېزىلىپتۇ. مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بىراق ئازراق ئاددىي بولۇپ قاپتۇ، نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ تولۇقلاپ يېزىپ چىقىپ ماڭا كۆرسىتىڭ» دەپ تاپىلىدى، سەمەت ئاكا سىز بىلىسىز مەن ئۇنداق...

ئابلەتنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا سەمەت ئاكا ئۇنىڭ قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى دەرھال بىلىپ يەتتى ۋە ئېڭىشكىنىچە ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ قۇرسانىنى ئىنچىكىلەپ ساناشقا باشلىدى، ئابلەت نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا قالدى. سەمەت ئاكا دەرھال بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى ۋە تېزلا قايتىپ كىردى. ئۇ قولىدىكى ماقالە قەغىزىنى ئابلەتكە سۇنۇپ:

— ماقالىنى مانا بۇ قەغەزگە قايتا كۆچۈرۈپ چىقىڭ-دە، باشلىققا ئەكىرىپ قايتا تولۇقلاپ چىقتىم دەپ كۆرسىتىڭ، — دېدى.

ئابلەت ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇ چاغدا سەمەت ئاكا ئۆز بۆلۈمىگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئابلەتنىڭ بېشى تازا قاتتى. بۇ قانداق بولغىنى؟ سەمەت ئاكىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم. ھە، راست، ئۇ ماقالىنىڭ قۇرسانىنى ساناۋاتاتتى. ئۇ دەرھال سەمەت ئاكا ئەكىرىپ بەرگەن ماقالە قەغىزىنىڭ قۇرسانىنى ساناپ چىقتى. ئەسلى ماقالە ھەر بېتى يىگىرمە قۇر يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەغەز ئون ئۈچ

(داۋامى 88 - بەتتە)

# پائۇل ئېلۇيارد شېئىرلىرىدىن

ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** پائۇل ئېلۇيارد (1895—1952) فرانسىيىلىك مەشھۇر شائىر، ژۇر‑نالىست ۋە ئەدەبىي پائالىيەتچى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈر‑گەن ۋە 1 ‑ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇرۇشقا بولغان بىزارلىق تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن. ئۇ دۇنيا دادائىزىم ۋە ھالقىما رېئالىزىم ئەدەبىي ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كوممۇنىستلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاددىي، ئەمما قويۇق لىرىكىلىق كەيپىياتقا ئىگە.

## كۆرۈۋېلىش ئاسان شۇ قەدەر

گۈلگۈن چىملار ھەمدە ئادەملەر
فونتانلار ھەم جىمجىت يالقۇن
كېچە ئۇ قانىتى قايرىلماس بىر قۇش
تىك شەكىلدە بىرلىشىپ ئۇلار
تۇتاشتۇردى كۆز قارىچۇقىڭنى.

سەنچۇ شۇ قول، ئاشۇ شاخلارغا
بىپەرۋا سەن ساقلىنار پېتىڭ
سۇلغۇن كارىۋات بە سەرەمجانلىقى
تاماكا ۋە پەي ـ قاناتلار
بۇزالمايدۇ تىنچلىقىڭنى.

## چېقىلغان ئەينەك

قاشالارنىڭ سىرتىدا شامال
تىك سوزۇلغان ئۇچۇق سىزىقىم
دوم كۆمتۈرۈپ كۆكنى، پالاكەت—
قوللىرىڭغا سىغدۇرار بەلكىم.

## تۇغمىلىق

ئۇ تۈم ھالرەڭ ئەنجۈر ئورۇقى
ئۇ قۇياشتۇر يۇمۇلغان كۆزلىرىمدىكى —
ھارارەتلىك تىنىقلارنىڭ
كەڭ ئېچىلغان ئالقىنىمدا چاقنىشى.

ئۇ ھەم شۇنداق قارامۇتۇق قىز
لېكىن ئۇنىڭ قىپقىزىل قېنى
بالاغەتنىڭ يېقىپ ئوتلىرىنى
يورۇتىدۇ تۈندە ئۆزىنى.

## ئوقۇش

پارىژنىڭ قاق مەركىزىدە ئىزتىراپ
چېكىش خىياللارغا بەنتتۇر شۇ تاپ.

قارا ئۆيلەر سىغدالغان تاشتەكتە بۇ ئان
تۈرىدۇ بىر پارچە بۇلۇتسىز ئاسمان

ۋاقتى ئۇنىڭ چىقمىغاندا ھېچ
كېتەر ئۇ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ

ئۆگىنىسەن شۇڭا تىنىماستىن
رۇجىكىنى تاقايدۇ ئاسمان
يەنە پارلاق قۇياشنىڭ نۇرى
يېپىۋالار ئۆگزەڭنى شۇئان.

## نەرگىس

تارتساڭمۇ دېۋىرقاي نىقابىڭنى چىڭ
ئۆزۈڭسەن ئىزدىتقۇ رەھنىما ئۆزۈڭ.

## زېرىكىش

ياشالايمەن سىنىڭسىز
ياشالايمەن يىگانە

كىم دەيدۇ
كىم ياشالمايدۇ
سىنىڭسىز
ھە ـ كىم

پەرۋاسىزمەن ھەممىگە
پەرۋاسىزمەن ئۆزۈمگە

چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا كېچە
خۇددى بىر تال ئەينەك كالتەكتەك
سىڭىپ كەتتىم كېچە قوينىغا.

## مېۋىلىمەس كۆز

ئۇ شۇقەدەر يۇمران بىخ گويا
نۇر، ئاتەشكە قاپلانغان سەينا
مۇھەببەتكە چىرماشقان خۇشبۇي
تولغان ئاشۇ سەبىي جىسمىغا.

## بۇرۇلۇش نۇقتىسى

ئىنتىزارمەن
مېنى يېقىن يولاتمىغان ئاشۇ ئادەمگە.

## كۆچ

قاچماقچى بولۇپتى تۇتۇلدى ئۇ گا
قاپەلدىن ئىتتىرىلىپ سىقىلدى مەھكەم
شۇ يىردىك بارمىقى كىرىشكەن بەلگە
قالمىدى ئەس ـ ھوشى ئۇنىڭ ئاشۇ دەم
ئاشۇ قول قوزغاتقان كۈچكە ناخۇشلۇق
چۆمكەنتەر يىراق ۋە يېقىن ھەممىنى
ھەم ئۆزى ئېرىشكەن ئولجىسى كەبى
قالغۇسى تىمتاسلىق ئىچرە ئەبەدىي.

## چىرايلىق قول

ئاياغ بېسىپ باقمىدى
ئۆتمۈشنىڭ شۇ مۇڭلۇق قۇياشى
قول تۇتىشىپ تۇرغان چاغدىكى
شۇ قاشالىق ھويلىدىن تېخى
ئۆسىدۇ ھەم ئۇ يەردە
يېشىل چىم ۋە ئالما دەرىخى
چەك قويۇشماس كۆزلەر ھەمىشە
باغۇ ئىرەم ۋە جۇدۇن ـ چاپقۇن
يوشۇرۇۋالغان تەسەۋۋۇرىمىز
چۈشلىرىمىزنى ئۆزىدە.

قېرىمايدۇ
بىزگە ھېمات بولۇپ كەلگۈچى
ئۆتمۈشنىڭ شۇ قۇياشى
ئازابلايدۇ لېكىن شۇ مېنى
يوق قەبرىدەك تىنىق ئاسمىنىم
سۆز ـ ئىبارە بىلەن مەن قىزغىن —
يارىتىشىم كېرەك مەن ئۇنى.

## ساھىلدىكى چۆمۈلۈش مەيدانى

ئۇنتۇپ قالدى چېھرىنى تامام
كۆك ۋە ئېقىن، قۇم بىلەن ھاۋا
ئايلانماقتا بىر - بىرلەپ رايىش—
قىپيالىڭاچ رەسىمگە شۇندا
ئۇنتۇپ قالدى پەقەت ۋە پەقەت
ئۆزىنىلا كۆرۈشتىن باشقا
بېرىلمىگەن رۇخسەت - ئىجازەت
ئۆزگىلەرگە سېلىشقا نىگاھ.

## ئالقاندىكى تۈتەك

چىكمىش - چىرماش بۇ ئۈمىدسىزلىك
يامغۇرلۇق تۈندىكى مۇجمەل بۇلاق
ياپېيشىل، ياش ياپراقلاردىن
.. تۇرىدۇ يىراق
ساغلاملىقتا پايدىلىق
كۆز ياشلاردىن تۇرىدۇ يىراق
بۇ كۆكۈمتۇل كۆلرەڭ جەننەت
بۇ ئارقىغا باققان چېكىنىش
ۋە بەزىبىر ئەستىلىكلەرگە
ھالسىزلانغان گۇمان

پەۋقۇلئاددە ئۈندۈملۈك رىتىسىپ
تۇرار ئىشەنچ سوۋغىسىنى ئېلىپ.

## يالقۇن

كۆتۈرۈلدى بۇ يەردىن
خىياللارنىڭ رەڭدار بۇلۇتى
چېكىنمەيدى ئارقىغا لېكىن
ئۇنىڭ ئاشۇ غۇۋا سايىسى.

(بېشى 85- بەتتە)

قورلۇق ئىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدى تۇيۇقسىز ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندەك بولدى.

ئابلەت ماقالىنى يېڭى قەغەزگە كۆچۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە ماقالا بۇرۇنقىدىن ئارتۇق بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرۇپ ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ ئەقىلنى سەمەت ئاكىنىڭ ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئىچى - ئىچىدىن ئازابلاندى. بۇرۇنداق ئالدامچىلىقنىڭ يەنە ئۇزاق داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ھەسرەتلەندى.

بىراق ئۇنىڭ ئازابلىنىشى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. چۈنكى باشلىق ماقالىنى كۆرۈپ چىقىپ ئۇنىڭدىن رازى بولدى ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ماختاپ كەتتى.

ئابلەت شۇ ئىشتىن كېيىن تولىمۇ ئازابلاندى. سەمەت ئاكىنىڭ كۆيۈنۈشىنىڭ سەمىمىي ئەمەسلىكىنى پەقەت دادىسىنىڭ ئەمىلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئويغا چۆمدى...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابلەت ئىدارىگە ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلتىماس يازدى.




شايىم شاۋايېۋ                [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى]

ياش چوڭايغان چاغدىمۇ بىرسىنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇش ھەممە كىشىلەر ھاياتىدا يۈز بېرەمدۇ. لېكىن مېنىڭدە يۈز بەردى. مەن ئاشىق بولغان قىز ئۆزۈمدىن يىگىرمە ياش كىچىك. بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەبلىرى بار.

بىر كۈنى ئورنۇمدىن ناھايىتى خۇش چاغ تۇرۇپتىمەن. روھىم كۆتۈرەڭگۈ، كەيپىم ياخشى ئىدى. ماڭا قانداقتۇر بىر مۆجىزە يۈز بېرىدىغاندەك سېزىلەتتى. بۇ ئېھتىمال سادىدىلىقىمدۇر. لېكىن كۆڭلۈم بىر نەرسىنى سېزىدۇ. مەن ياش بالا ئەمەس، قېرىمۇ ھېسابلانمايمەن. پالغا ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن، ئەمما ئىشەنمەيمەن دەپمۇ ئېيتالمايمەن. بەزىدە خۇددى كۆدەكلەردەك چۈشۈمدە كۆرگەن ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى ھاياتتا كۆرۈشنى خالايمەن. مەن ئاشۇنداق بىر خىيال دىۋانىسى. بەزىدە مېنىڭ خىياللىرىم ئەينەككە ئوخشاش، بىرسى تېگىپلا كەتسە كۇكۇم-تالقان بولىدىغاندەك ياكى قۇمدىن ياسالغان ئۆيگە ئوخشاش قاتتىق شامال چىقسا ۋەيران بولىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

بىر كۈنىمۇ ئاجايىپ تاتلىق چۈش كۆرۈپتىمەن. ئويغىنىپ كەتكىنىمگە مىڭبىر ئەپسۇس يېدىم. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ چۈشۈمنىڭ داۋامىنى كۆرمەككە تىرىشتىم. ئەپسۇس، چۈشمۇ تۇردىن قېچىپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش قايتىپ كەلمىدى. قەلبىمدە ئۇنىڭ ئىسسىق تەسىراتلىرى قالدى. چۈشۈمدە ئامىتىم كەپتۇ دېگۈدەكمەن، ئەنە ئاشۇ ئامەتنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى بىر قەدەر بەختىيار ھېس قىلدىم.

چۈش دېگەن بەرىبىر چۈش. لېكىن تىرىك بەندىگە تۇرمۇشنىڭ غېمىنى ئويلاش زۆرۈرغۇ؟ ئورنۇمدىن قوپۇپ ئالدىمدا مېنى كۈتۈپ ياتقان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كىرىشتىم. تۈۋا دەيمەن، ئاخشام نەگە قويدۇمكىن، ئاياغ كىيىمىمنى ئىزدەپ تاپالماي بىر ھازا ئاۋارە بولدۇم. خۇددى بىرسى يوشۇرۇپ قويغاندەك ھېچيەردىن تاپالمىدىم.

خۇدا ئوڭلاپ ئاياغ كىيىمىمنىڭ ئىككى بولغىنى قانداق ياخشى بولغان. كونىراق بولسىمۇ ئۆتوكومنى كىيدىم-دە، قولۇمغا سومكىنى ئالدىم. بازارغا بېرىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكېلىش كېرەك. يالغۇز تۇرغاندىكىن ھەممىنى ئۆزۈم قىلمىسام ماڭا بىرسى ئەكىلىپ بېرەتتىمۇ. ھەر شەنبىدە بىر قېتىم بازارغا بېرىش ئادەت بولۇپ قالغان.

ئۆيگە قۇلۇپ سېلىپ سىرتقا چىقتىم. كېچىسى يامغۇر ياغقان بولسا كېرەك (قىشتا يامغۇرنىڭ ياغقىنى نېمىسى) تروتۇئاردا نېپىز مۇز قېتىپ قاپتۇ. تېيىلىپ كېتىپ قارىغايدەك كۆپلا يىقىلدىم. ھەممە ئەزايىم ساق، پەقەت ئوڭ قولۇمنىڭ باشمالتىقى چىم-چىم ئاغرىيدۇ. بىر باشمالتاق دېگەن نېمە، ئەھمىيەت بەرمىدىم.

ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئادەملەر تۇرغۇن ئىكەن. «شەنبىدە ئۆيدە ئولتۇرماي نەگە بارىدىغاندۇ بۇلار؟» دەپ ئويلىدىم. چۈنكى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئاپتوبۇس دېگەن ئانچە جىق ماڭمايدۇ. ئامال يوق كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىر چاغدا ئاستا كېلىۋاتقان بىر ئاپتوبۇسنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۆزىمۇ كېلەڭسىز يوغان، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئاپتوبۇس ئىكەن. ئۇ كېلىپ توختىشى بىلەن بېكەتتىكى ئادەملەر ئىشىككە پەلەپ ئۆزلىرىنى ئاتتى. مەنمۇ كۆپچىلىكتىن قالماي قىستا-قىستاڭغا كىرىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. شۈكرى! ئۆپچۆرەمگە باقسام بىر توپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىكەنمەن. ئۇلار تارچىلىق ئىكەنلىكىگە باقماي خۇشخۇي، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى-دە! شوخ تۇرۇش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشايدۇ. ئاۋازلىرىمۇ جاراڭلىق، بىر-بىرىگە ئېيتقان گەپ-سۆزلىرى كۈلكىلىك، ھەرىكەتلىرى چاققان. «جىم ماڭغۇچە كۈلۈپ بولسىمۇ ماڭاي» دېگەن نىيەتتە ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزىگە مەنمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈۋەردىم.

— مېنىڭ بېقىنىمغا پېتىۋاتقان مۇنۇ سېنىڭ قولۇڭمۇ؟ — دېدى بىر قىز.

— ياق، پۇتۇم. باياراقتا بىر يەرگە ئىلىشىپ قېلىۋىدى، چۈشۈرۈۋالاي دېسەم پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ، — دېدى يىگىت. ئوقۇغۇچىلار كۈلكە-قىقاس ياڭراتتى.

— شۇ، — دېدىم، — سېنىڭ قاقىردىن پەرقىڭ بولمىسا كېرەك.

— ئۇمۇ پۇتىنى بويىنىغا ئارتىۋالسا كارى يوق تۇرۇۋېرىدۇ، — دېدى مېنىڭ سول تەرىپىمدىكى قىز. پۇتۇن دىققىتىم خېلىمدىن بېرى ئاشۇ قىزغا قارىتىلغانىدى. ئۇنىڭ تېنىدىن خۇددى كۆيۈۋاتقان مەشتەك ھارارەت چىقاتتى. تۇۋا، خىيال دېگەنمۇ يوقلا نەرسىلەر كېلىۋالىدىكەن. «ئۇ قىزمۇ ماڭا ئوخشاش چۈش كۆرگەن بولسىچۇ؟! ئېھتىمال ئىككىمىز بىر خىل چۈش كۆرگەن بولساق ئەجەب ئەمەس» دېگەن پىكىر كاللامدا پەيدا بولدى. كىم بىلىدۇ، ئېھتىمالدىن تاشقىرى نەرسە يوققۇ؟

ئۇ قىزمۇ مېنىڭ كۆز ئۈزمەي قارىلىپ تۇرۇپ قالغىنىمدىن بىر نەرسىنى سېزىۋالغان بولسا كېرەك. غىلام-غىلام كۆزلىرىنى تاشلاپ قويىدۇ. مەن بۇ

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئەركىن كىرىپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلماي، ئەكسىچە ئۇلار بىلەن تەڭ قاقاقلاپ كۈلمەن. بىر چاغدا مېنى ئۆز سېپىگە قوبۇل قىلغۇسى كەلمىگەنلىكىنىڭ ئىشانىسى سۈپىتىدە كۆزەينەك تاقىۋالغان باشقا بىر قىز ياقتۇرمىغاندەك قاراپ قويدى. بۇ قاراشتا «ساڭا كۈلۈشنى كىم قويدى» دېگەن مەزمۇن بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «چاتىقىڭ نېمە» دېگەن نەزەردە جاۋاب بەرگەندەك بولدۇم. بىر ئوبدان مىڭىۋاتقان ئاپتوبۇس بەزگەك كىشىدەك تىترەپ «تارس» قىلغان ئاۋاز چىقاردى - دە، توختاپ قالدى. مانا، ساڭا كېرەك بولسا. ئالدىرىغاندا ئاشۇنداق ئىش كاج كېتىدۇ ئەمەسمۇ... ئاز - تولا كۈتكەندىن كېيىن ھەر قايسىمىز شوپۇرنىمۇ، ئاپتوبۇسنىمۇ قوشۇپ قاغاپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئارا پىچىرلىشىپ، بىر قارارغا كەلدى ئېھتىمالىم، بوش كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل بارمۇ، كىرا ئاپتوموبىلىمۇ ئىشقىلىپ ئۇدۇل كەلگىنىگە قول كۆتۈرۈپ توختىتىماقتا. ھېلىقى قارا كۆز قىز چەتتە تەنھا تۇرۇپتۇ. چىرايىدىن بىرسىدىن رەنجىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ مەيۈس كۆزلىرى، چىندەك سىلىق يۈزىگە قاراپ ھەممىنى ئۇنتۇپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. خېلىدىن كېيىن مېڭىش چارىسىنى قىلدىم. شۇ چاغدا كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەك قېشىمغا بىر كىرا ئاپتوموبىلى كېلىپ توختىدى - دە، شوپۇر:

— مەرھەمەت! — دەپ تەكلىپ قىلدى.

خىيالىمغا بىر ئىش كەلدى - دە، ھېلىقى قارا كۆز قىزغا جۈرئەت بىلەن مۇراجىئەت قىلدىم:

— يولىمىز بىر بولسا كېرەك، مەنمۇ سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار تەرەپكە كېتىپ باراتتىم... كېلىڭ، ئولتۇرۇۋېلىڭ، بىللە ماڭايلى.

قىز ماڭا دەسلەپتە ئىشەنمىگەندەك شۈبھىلىك قاراپ قويدى - دە، ئاندىن ئاستا كېلىپ ئاپتوموبىلغا ئولتۇردى.

— قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟ — دېدىم.

— فىزىكا فاكۇلتېتىدا، ئۈچىنچى كۇرستا.

— ياتاقخانىلار يىراق ئىكەن.

— ھە، يېڭى كورپۇسنىڭ يېنىدا ياتاقخانا سېلىنىۋاتىدۇ، شۇ يەر پۈتكەندە كۆچمىزغۇ دەيمەن.

كىرا ئاپتوموبىلى مەنزىلگە يېتىپ توختىدى. قىز سومكىسىنى ئاچىدۇ، مەن ياپىمەن. قىز يەنە ئاچىدۇ، مەن يەنە ياپىمەن. يانچۇقۇمدىن پۇلنى چىقارماقنىڭ تەس بولۇپ كەتكىنى. قىسقىسى، بىر دەقىقە قارىشىپ قالدۇق. قىز كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىرپىكلىرىنى يۇمدى. ئۇچراشماق نىيىتىمگە قارشى بولمىدى. ياتاقخانىنىڭ نومۇرىنى ئېيتتى، ئاخىرى خوشلاشتۇق. مەن قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدىم. كىرا ئاپتوموبىلىنى ماڭغۇزماي تۇتۇپ تۇرىمەن. مۇنداق ئىشلارغا ئادەتلەنگەن شوپۇر ئەسنەپ قويۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى. قىز كورپۇسقا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردۇم، ئاندىن شوپۇرغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— كەتتۇق!

كىرا ئاپتوموبىلى ئورنىدىن قوز-
غالدى. مەن خىيالەن قىز بىلەن
ئىمىلەر ھەققىدە گەپلەشكىنىمنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلماقتا ئىدىم. ئۇنىڭغا ئاددىي
گەپ - سۆزدىن باشقا ئەھمىيەتلىكرەك
ھېچنەرسە ئېيتالمىغانىكەنمەن. لېكىن
ئىللىق بىر تۇيغۇ قەلبىمنى ئىسسىتىپ
ھاياجانلاندۇراتتى. بەلكىم بۇ بىر
ئالدامچى ھېسسىياتتۇر. مەن ئوقۇغۇ-
چىلىق دەۋرىدىن يىراقلىشىپ كېتىپتى-
مەن، ئۆز تەڭتۇشلىرىم دائىرىسىدە
بولغىنىمدا تىزۇك ئوخشايدۇ. ئارىدىكى
پەرقنى يوق قىلىش ئەمەلىيەتتە مۇم-
كىن ئەمەس ئىكەن.

لېكىن قىزنىڭ يۇمشاق مۇئامىلىسى،
چىرايلىق كۆز قارىشى ئارىمىزنى يىپ-
سىز باغلىغاندەك ئۆزۈمنى بىر تۈرلۈك
ھېس قىلىمەن، ھاياجانلىنىمەن. شۇن-
دىمۇ ئەقلىمگە سېلىپ كۆرسەم، ئۇ ماڭا:
«ئۆتكەن ۋاقىتنى، ئارىدىكى يىل
پەرقىنى يوقىتىمىش، ھېسابىتىن
چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس!»
دەيدۇ. ئەمما ئۈمىد بولسا: «سۆيگۈدە
يىللار - پەرق بولمايدۇ!» دەپ ئىشەن-
چىمنىڭ ئۇچ تارتىپ پىلەك يېيىشىغا
تۈرتكە بولىدۇ. ئارزۇيۇم «تەۋەككۇل-
لۇككە» بەل باغلاشقا دەۋەت قىلىدۇ.
لېكىن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدىكى پەرق
يىگىرمە يىل، يەنى ئۇ يىگىرمە ياشتا،
مەن بولسام قىرىق ياشتا. لېكىن ئۇ
قىز بىلەن ئۇچرىشىشقا قەتئىي قارار
قىلدىم. نىيىتىم ئۇنىڭ ھۆسنىدىن
بەھرىمەن بولۇش، ئىللىق لەۋزىنى
ئاڭلاش.

ئاخىرى قىزنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ
كەلگىنىمگە ئەجەبلەنمىدى. ئايلىنىپ
كېلىش تەكلىپىمنىمۇ رەت قىلمىدى.
گويا كونا دوستلاردەك مۇئامىلىمىزدىمۇ
ياتسىراش بىلىنمەيتتى. بىز شۇ كۈندىن
باشلاپ نۇرغۇن قېتىم ئۇچراشتۇق.
شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ، كىنو-
تىياتىرلارغا باردۇق. ھاياتنىڭ سىر-
لىرى، تەبىئەت قانۇنى، ئىنسانپەرۋەر-
لىكنىڭ ئالىي پەزىلىتى، ھەتتا ئۇش-
شاق - چۈششەك مەئىشەت مەسىلىلىرى
ھەققىدە پىكىرلىشەتتۇق. پىكىرلىرى-
مىزدە ئومۇمىيلىق باردەك بىلىنەتتى.
لېكىن ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە — سۆيگۈ
ئۈچۈن بۇلار يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ ياتاقخانىسىغا
بارغىنىمدا، مېنى ھېلىقى ئاپتوبۇستا
يامان كۆزى بىلەن قارىغان يوغان
كۆزەينەكلىك قىز قارشى ئالدى. ئۇ
پاتىمەنىڭ يېقىن دوستى ئىكەن. مەن
ئۇ قىز ھەققىدىكى پىكىرىمنىڭ ناتوغرا
ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم. چۈنكى
بۇ قىز ئىنتايىن مېھرىبان، دوستى
ئۈچۈن سادىق ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا
خاس بىر خىسلەت — ئۇلار ساۋاقدىشى-
دىن ھەتتا جېنىنى ئايىمايدۇ. ئۇلار بىرسى-
نىڭ خۇشاللىقىغا شادلىنىپ، قايغۇ-
سىغا تەڭ شېرىك بولۇشنى ئادەتكە
ئايلاندۇرغان. شۇ دوستلۇق تۈپەيلىدىن
بۇ قىز پاتىمەنى ناتوغرا يولدىن
ئاگاھلاندۇرۇپ، مېنىڭ ئۆزىگە لايىق
ئەمەسلىكىمنى، بۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان
ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا
ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئاتماسلىقنى
تەكىتلەپ ئەقىل - مەسلىھەت بېرىپتۇ.
ئەقىلگە سالسام، ساۋاقداشلىرىنىڭ
ئېيتقانلىرى بىردىنبىر راست، پاتىمە-
نىڭ خاتالاشمايلىقىنىڭ كاپالىتى.

لېكىن؟ لېكىن ئىقرار قىلىشنى قىلالـ
مەنىڭ يۈرىكىمگە يېقىن يولاتقۇم كەلـ
مەيدۇ. چۈنكى سۆيگۈ دېگەن ۋاقىتلىق
بولمايدۇ - غۇ؟! مۇھەببەت دېگەن
يۈرەكنىڭ ئەردىنى! يۈرەككە بېقىنماي،
ئۇنى تىڭشىماي مۇمكىنمۇ؟ ياق! ھەر-
گىز! دەپ ۋارقىراپ ئالەمگە جار
سالغۇم كېلىدۇ. پاراسەتكە بېرىلىپ
ھەقىقىي ھېس - تۇيغۇدىن ۋاز كېچىش
نامەردلىك! سۆيگۈ - مۇھەببەت ياشقا
قاراپ چەكلەنمەيدۇ! دەپ يېزىلغەن-
مىڭلىغان مىسالارنى كەلتۈرۈپ ئىس-
پاتلىماقچى بولىمەن...

بىرگۈن قۇمشېكەردىن ياسىغاندەك
ئاپئاق ئېگىز تاغ ئۈستىدە پاتىمە
ئىككىمىز تۇرىمىز. ئەتراپنى تەكشى
ياپقان قار قۇياش نۇرىدا يالت-
يۇلت قىلىپ، ئۇچقۇن چاچرىغاندەك
تومەنمىڭ زەررىچىلەر پارلايدۇ. شۇن-
داق پەيتتە شامال بىلەن بەسلىشىپ
چاڭغىنى تۆۋەنگە قويۇپ بەرگۈڭ كېلىـ
دۇ. قانات پەيتكەندەك ۋۇجۇدۇڭ
ئۇچۇشنى خالايدۇ.

پاتىمە ئىككىمىز تاغقا ئۆرلىگەندە
تەرلەپ - ھاسىراپ كېتىۋىدۇق، پاتىمە-
نىڭ ئىككى مەڭزى ئالۇچىدەك قىزى-
رىپ، قىزنىڭ ھۆسنى تېخىمۇ گۈزەل-
لىشىپ كېتىپتۇ. مەن تەلمۈرۈپ قاراپ
قالدىم. قانداقتۇر نادەلۇم كەيپىيات
قەلبىمنى تەۋرەندۈردۇ. بۇلۇق - بۇلۇق
نەپەس ئېلىۋاتسامۇ دېمىم سىقىقاندەك
ئۆزۈمنى ئىمجان سېزىمەن. نېمە
ئۆرچۇندۇ بېشىم پىرقىراپ كۆزلىرىم
قاراڭغۇلاشتى. مەن خىيالىغىچە كۆزۈمنى
يۇمۇپ تۇردۇم. بىر چاغدا قىزنىڭ
ھۆسنىگە قارىۋىدىم، ئۇنىڭ ئوتكۈر
كۆزلىرى دېڭىزنى قۇياش نۇرىدەك
كۆيدۈرۈۋەتتى. چېھرىدىكى ئاددىي
تەبەسسۇمى ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ نەزىرى چىرايىمغا چۈشكەندە
يۈزۈمدىكى قورۇقلار جىمىرلاپ ئېچىش-
قاندەك بىلىندۇ. مەن ئۇلارنى ئال-
قانلىرىم بىلەن توسۇشقا ھەرىكەت
قىلدىم. پاتىمە مەرۋايىتتەك چىشلىرىنى
يالتىرىتىپ كۈلۈۋەتتى - دە، جاۋە
بىلەن:

— قېنى قوغلاپ كۆرۈڭ! يېتىشىڭ!—
دېدى - دە، تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇدى.
چاڭغىدىن «پۈرلا» قىلىپ كۆتۈرۈلگەن
قار ئۇچقۇنى يۈزۈمگە يېپىشتى. پاتىمە
خىيالى يەرگە ئۇزاپ كېتىپتۇ. كېچىكىپ
قالغىنىمنى چۈشەندىم. «قوغلاپ يېتىش
نەدە؟ ئاردىكى مۇساپە قىرىق بىلەن
يىگىرمە! ئارلىق ئىنتايىن يىراقتۇ...»

— خوش!— دېدىم چارىسىزلىقتىن،—
قوغلاپ يېتەلمەيمەن، خوش، سەۋرى
قامەتلىكىم!— ئاۋازىم تاغ باغرىنى
چاك كەلتۈردى.

ۋاقىت ھەممىنى بەلگىلەيدىكەن.
ھەممىگە ھۆكۈمران ئىكەن! شۇ چوققىدا
تۇرۇپ بىر ھەقىقەتنى ئېنىقراق تەسەۋۋۇر
قىلدىم. ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر
بولدۇم...

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن تىلىۋالدى

# «تۈگمەس ناخشا» ھەققىدە تەھلىل

ئەخمەتجان ئوسمان

«تۈگمەس ناخشا» كىتابخانغا مەلۇم، شۇڭا بۇ يەردە قايتا كۆچۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. شۇنىسى ئېنىقكى بۇ شېئىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە بەلگىلىك بىر پەللە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇنداقلا تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرى ئىچىدە ئەڭ يىرىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە ھېچقانداق مۇقەددىمىسىزلا تەھلىلىمنىڭ لىنىيىسىگە كۆچىمەن.

1. تېكستنىڭ بىر جۈملىگە ئىخچاملىنىشى.

ئالدى بىلەن قولىمىزدىكى بۇ تېكستنى تەھلىلىمنىڭ ئوبيېكت سىتراتېگىيىسى سۈپىتىدە بىر جۈملە سۆزگە ئىخچاملايمەن. بۇ ئىخچاملانغۇچى جۈملە تېكستنىڭ سىنتاكسىلىق ۋە سېمانتىك قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ. تېكستنى ئىخچاملىغۇچى جۈملە تۆۋەندىكىچە: «ھەر ئاخشىمى، شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي، بىر پەللىنى كۆزلەپ مېڭىپ، تۈگمەس ناخشىنى ئېيتىمەن».

2. تېكستنىڭ سىنتاكتىك قۇرۇلمىسى.

تۆت كۇپلېت 16 مىسرالىق بۇ تېكست ئۈچ بىرىكمە جۈملە بىر رەۋىشتىن ئىبارەت چوڭ مۇرەككەپ جۈملىدىن تەركىبلەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. بۇ گەۋدە «شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەيمەن»، «بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن»، «تۈگمەس ناخشىنى ئېيتىمەن» قاتارلىق جۈملىلەرنىڭ «ھەر ئاخشىمى» دېگەن رەۋىش شەرتى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

تېكستكە تەپسىلىي نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى مۇقەددىمە، قالغان كۇپلېتلىرى بايانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى تېكستنىڭ سىنتاكتىك لىنىيىسى مۇنداق:

«ھەر ئاخشىمى ۋەھاكازا، بىرگۈن ئاخشىمىمۇ ۋەھاكازا» تېكستنىڭ «ھەر ئاخشىمى ۋەھاكازا» دېگەن مۇقەددىمىسىدە «ناخشا ئېيتىش»، «شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەسلىك»، «بىر پەللىنى كۆزلەپ مېڭىش»، «تېخى يېتەلمەي ئاۋارە بولۇش»

پېئىللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «بۈگۈن ئاخشامۇ ۋەھاكازا» دېگەن بايانىدا بولسا «ئاخشا»نىڭ «تىزگىمەس» ئىكەنلىكى شەرھىيلەنگەن، باشقا پېئىللار مۇقىملاشقان. تېكىستنىڭ «ھەر ئاخشىمى» دېگەن رەۋىشى ئۆتكەن ھەم كەلگۈسى زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى زامان پېئىللىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولسا، «بۈگۈن ئاخشام» دېگەن رەۋىشى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. مانا بۇ جەريان — تېكىستنى مۇقەددىمە ۋە بايانغا بۆلگۈچى ئامىل. يەنە بىر ئامىل مۇقەددىمىدىكى «ھەر»، بايانىدىكى «بۈگۈن» دۇر.

تېكىستنىڭ بۇ سىنتاكتىك قۇرۇلمىسى مۇنداق خۇلاسە بېرىدۇ: بۇ قۇرۇلما نەسردىي ژانىر قۇرۇلمىسى، شېئىردىي ژانىر قۇرۇلمىسى ئەمەس.

3. تېكىست — ئېپىزوت.

تېكىستنىڭ ئىزتىقۇرۇلمىسىنى ئېپىزوت تەشكىللىگەن، ئۈچ پېرسوناژ رولدا چىققان: مەن، بوۋاي، دىلبەر. بىراق ئاخىرقى پېرسوناژ سەھنىدە ياكى ئېكرانىدا زاھىر بولمايدۇ. سەھنە كۆرۈنۈشى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كوچا، كوچىنىڭ بىر تەرىپى تۇتاش ئۆيلەر، بىر دېرىزە، بىر ئىشىك، بىراق دېرىزە بىر ئۆيگە، ئىشىك يەنە بىر ئۆيگە مەنسۇپ. ۋەقەلىك مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: «مەن» ناخشا ئېيتىپ كېلىپ دېرىزىنى چېكىدۇ، شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ غىچىر-لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر بوۋاي كايىغان ھالدا چىقىپ كېلىدۇ. ئېپىزوت «مەن» بىلەن بوۋاينىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ.

مانا بۇ ۋەقەلىك تېكىستنىڭ ھەرىكەت قۇرۇلمىسى، بۇمۇ يەنە تېكىستنىڭ نەسردىي ژانىرلىق خۇسۇسىيىتىنى خۇلاسىلەيدۇ.

4. تېكىستنىڭ مۇناسىۋەتلىرى.

تېكىستتىكى ئاساسىي مۇناسىۋەتلەر تۆۋەندىكى سەۋىيىلەرگە ئىگە:

A — زامان مۇناسىۋەتلىرى.

ھەر ئاخشىمى // بۈگۈن ئاخشام. دېمەك تېكىستتە بىرلا زامان مەۋجۇت، ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆتكەن، ھازىرقى، كەلگۈسى رەۋىشلىرى پەقەتلا ئاخشامدا زاھىرات-لىشىدۇ. بۇ — تېكىستتىكى زاماننىڭ تۇراقلىقىنى، ھەرىكەتچان ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

B — ماكان مۇناسىۋەتلىرى.

كوچا // پەللە. تېكىستتىكى ھەرىكەت رەۋىشلىرى كوچىدا تۇراقلىققا ئىگە

بولسىمۇ، بىراق، يەتكۈلۈك بولمايدىغان پەللىدە، ھەرىكەتچانلىق بىلەن خاراكتېر-لىنىدۇ. كوچا پېئىللارنى ھەرىكەتكە يىغسا، پەللە چېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ — تېكىستتىكى بىرىنچى شېئىردىي ئامىل.

C — ئاشىق - ناخشا مۇناسىۋىتى.

ناخشا تۈگىمەسلىك بىلەن سۈپەتلەنگەن ھالدا ئاشىقنى ھىجران كۆلىمىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت تېكىستتە «تۈگىمەس ھىجران» دېگەن يوشۇرۇن جۈملىنى يارىتىدۇ. بۇ جۈملە ئارقىلىق تېكىست كەيپىياتىنىڭ «پەرىشانلىق» ئېلېمېنتى باي-قىلىدۇ. مانا بۇ — تېكىستتىكى تۈنجى شېئىردىي ئېنېرگىيە.

D — بۇۋاي - ئاشىق مۇناسىۋىتى.

بۇ مۇناسىۋەتتە «تۈگىمەس ھىجران» ئۇنتۇشتىن ئىنتىلىشكە سوزۇلىدۇ. «ھەر ئاخشىمى// بۈگۈن ئاخشام» مۇناسىۋىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇۋاي// ئاشىق مۇنا-سىۋىتى ئۇنتۇش - ئىنتىلىش - ئۇنتۇش - ئىنتىلىش ھالىتىدە دەۋرلىنىدۇ. «تۈگىمەس ھىجران» يوقىلىش - كۆرۈلۈش تەكرارلىقىغا ئىگە بولىدۇ.

5. تېكىستنىڭ سىمانتىك قۇرۇلمىسى.

بۇ تېكىست بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئەتراپىغا بوشلۇق ھاسىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سىنتاكتىك قۇرۇلمىسى تۇراقلىق بىر زاماندىن، مۇقەددىمە ۋە باياندىن ئىبارەت ئەقلىي سىستېمىدىن، تىلنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەشكىل-لىنىدىغان ئېپىزوتتىن يارىتىلغان. بىراق، تېكىستتە فونېما سەۋىيىسىدىلا بىر قانچە بوشلۇق يارىتىلغان. بۇ بوشلۇق تۆۋەندىكى ئىككى فونېمىدا بايقىلىدۇ.

A— [پەللە]

بۇ فونېمىدىكى بوشلۇق «ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي» دېگەن جۈملىدىن «پەللە» گە ئېقىپ كىرگەن.

B— [ناخشا]

بۇ فونېمىدىكى بوشلۇقنى «تۈگىمەيدىغان» دېگەن ئىبارە ياراتقان.

6. خۇلاسە.

يۇقىرىدىكى تەھلىلدىن شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر «يېتىپ بولالماس پەللە»، «تۈگىمەيدىغان ناخشا»دىن ئىبارەت ئىككى بوشلۇق بولمىغان بولسا بۇ تېكىستنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ، كىتابخان ئېسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئادەتتىكى سۆيگۈ شېئىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

قانداق پەللە ئۇ سەن يېتەلمەيدىغان؟!
قانداق ناخشا ئۇ سەن ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان؟!
مانا بۇ — ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئىككى سوئال!

# شېئىرىيەتتە ئادەم

## باتۇر روزى

بىز ئادەم ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە مۇقىم قېلىپ ۋە ئۆلچەم بېكىتىپ بېرىشكە، ئادەمگە ماھىيەتلىك ئېنىقلىما بېرىشكە كۆچەپ ئۇرۇنۇپ كەلدۇق. دەرۋەقە ئادەم بىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن نىسبەتەن مۇقىم بولسىمۇ، ئادەمنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئاساسى بولمىش ئەسلى ماھىيىتى مۇقىمسىز، ھەرىكەتچان، ئۆزىنى توختاۋسىز يېڭىلاپ تۇرغۇچى ماھىيەتتۇر. ئادەم — تولۇقسىز بارلىق، ئۇ بارلىق ۋە يوقلۇقنىڭ غەلىتە بىرىكمىسى. ئادەمدىكى تىراگېدىلىك خۇسۇسىيەت چەكلىك رېئاللىق بىلەن چەكسىز ئىمكانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كېرىلىش كۈچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئادەم رېئاللىقنى توختاۋسىز ئىنكار قىلغۇچى ۋە كۆز ئالدىدىكى چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەرنى توختاۋسىز بايقاپ تۇرغۇچى. ئادەم ئۆزىگە، ھاياتقا ۋە دۇنياغا توختاۋسىز يېڭى قىممەت بەخش ئەتكۈچى؛ ئۆزىنى ۋە ھاياتنى، ئۆزى بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توختاۋسىز يېڭىلاپ، ئىجاد قىلىپ تۇرغۇچى. شۇڭا شېئىرىيەتتە ئاپتور ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئىستېتىك ئاڭنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، ئادەم ئىجادكارلىقىنىڭ چەكسىز گارمونىيىلىك كارتىنىسىنى چوڭقۇرلاپ يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك!

بۇرادەر، ئادەم بولماق ئەڭ قىيىن، ئالدى بىلەن ئادەم بولۇڭ-دە، ئاندىن شائىر بولىمەن دەڭ!

پەيلاسوپلاردىن كانت: «ئادەم — كائىناتنىڭ ئۆلچىمى» دېگەنىدى. نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن تارتىپ تاكى بەدىئىي تەپەككۇرغىچە ئادەمنى ئەنداز ۋە ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ماركس نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا ئادەمنى ئەنداز قىلىشنىڭ بىباھا ئۈلگىسى. ئۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا ئادەمنى كوممۇنىزمدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىمكانىيەت دۇنياسىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى باشلاپ بەرگەن. ئىستېتىك ئاڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەقلىي تەپەككۇردىن ھالقىپ كېتىدۇ. ئىستېتىك كەيپىيات شەكىللەندۈرەلمىگەن شېئىر شېئىر ھېسابلانمايدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى ئۇيۇقلاردىن ھالقىپ كەتكۈچى ئىستېتىك كەيپىيات ئىچىدە ئادەمنىڭ مۇقىمسىز، گۈڭگا ماھىيىتىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ، ئادەمگە ۋە ئادەم بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىستېتىك ئوبيېكتلارغا يېڭى ئىجادىي قىممەت بېغىشلاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن شېئىرىيەت ئەلۋەتتە مۇقەررەر يوسۇندا گۈڭگا بولىدۇ. مۇزىكىلىق

بەلكە قانداق گۈڭگا بولغان بولسا، شېئىرىيەتتە تىلنىڭ مۇزىكىسى ئارقىلىق ئورۇنلانغان ئىستېتىك كەيپىيات سىمپونىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىمۇ گۈڭگالىقتىن تۈرەلگەن ۋە يەنە بىر ئۇچىمۇ گۈڭگالىققا چېلىنىپ تۇرغان چەكسىز ئېچىۋېتىلگەن ئىستېتىك بەلگىلەرنىڭ گۈڭگا بىرىكىشلىرىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ. بىراۋنى «قورسىقى بار ئادەم» دەپ تەرىپلەش قانداق چاكىنا بولسا، ئەسلىدىنلا گۈڭگا بولغان شېئىرىيەتنى «گۈڭگا» دەپ تەرىپلەشمۇ شۇنداق چاكىنا بولىدۇ. سەنئەتلىك گۈزەللىك ھەرگىزمۇ ئەمەلىي نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىستېتىك بەلگە سىمۋول قىلىنغان نەرسىدىنلا ئىبارەت. بۇ خىل گۈڭگالىق شېئىرىيەتكە زورمۇزور تېڭىلغان تاشقى خۇسۇسىيەت ئەمەس-تە، ئاخىر.

چىنلىقنىڭ دىققەت مەركىزى يەنىلا ئادەم. چەكلىك رېئاللىق پەقەت ئادەمنىڭ تارىخىدىنلا ئىبارەت. تارىخ ئادەمنى مەركەز قىلغان چىنلىقنىڭ پەقەت بىرلا قۇتۇپى بولالايدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭ ھەممىسى بولالمايدۇ. چۈنكى، ئادەم تارىختىنمۇ ئېشىپ قالىدۇ، بۇنى تارىخنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىغان. ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى تارىختىن ئىبارەت ئاشكارىلانغان بىرلا قۇتۇپقىلا مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش ئەلۋەتتە تولىمۇ كۈلكىلىك. چۈنكى تېخىمۇ كەڭ ۋە يۈكسەك مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىستېتىك ماھىيەتتۇر. تەبىئىيكى ئىستېتىك ماھىيەت ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا ۋە دۇنياغا توختاۋسىز ۋە مەڭگۈ قويۇپ تۇرىدىغان ئىستېتىك تەلەپلىرىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ئادەمدىكى ئەڭ جانلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ سۈپىتىدە ئەبەدىي تولۇق ئاشكارىلانمايدىغان يوشۇرۇن ماھىيەتتۇر. چۈنكى ئۇ ئاشكارىلانسىلا تارىخ بولۇپ قالىدۇ، يەنى چەكلىك رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. سەنئەتتە چەكلىك رېئاللىق بىلەن چەكلەنگەن ئاتالمىش «بېشىدىن ئىگىنىسىدىچە تەسۋىرلەش» ئۇسۇلى بىلەن مەيدانغا كەلگەن «بەش قولدەك ئايان» بولغان چىنلىق ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتىنى نىقابلاپ قويغان، خاتا ھالدا ئىستېتىك ماھىيەتلىك ئورنىغا دەسسىتىۋېلىنغان، بەدىئىي چىنلىققا خىيانەت قىلغۇچى ساختا چىنلىق بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئادەمگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئادەمنىڭ تولۇقسىز بارلىق ئىمكانىيىتىنى، ئۇنىڭ بارلىق بىلەن يوقلۇقنىڭ غەلىتە بىرىكمىسى ئىمكانىيەتتىن ئىبارەت تۇراقسىز ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىجادكارغا خاس بەدىئىي قۇدرەت بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، چەكسىز ئىمكانىيەتلەر دۇنياسىدا كېزىپ يۈرگەن شائىرنىڭ ئىستېتىك ئېڭىدا چېقىلغان چاقماقلاردىن — ئاشكارا چىنلىق بىلەن يوشۇرۇن چىنلىقنىڭ شائىر تۇيغۇسىدا بىر دەقىقە دىدار كۆرۈشۈشىدىن ھاسىل بولغان چاقماقلاردىن شېئىرىي يول بىلەن بىشارەت بېرەلىگەن چىنلىقلا شېئىرىيەتتىكى چىنلىق بولالايدۇ.

بۇرادەر، رېئاللىزم ھەرگىز قىسىلچاق يول ئەمەس، پەقەت سىز ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشكە ئالدىراپ كەتمىسىڭىزلا...

(ئەسكەرتىش: بۇ مىكرو ماقالە ئاپتورنىڭ «شېئىرىيەتتە ئادەم» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ باش قىسمى).

# قاشا

فېلك سەدن

ئۇلار تازا قىرانىغا يەتكەن چاغلىرىدا ئۆزئارا تونۇشقانىدى.

ئۇلار دائىم بىللە سۇغا چۆمۈلەتتى، سۈرەتكە چۈشەتتى، تاغلارغا چىقاتتى. دۇنيان ـ بەزى يانلارنى چۆگۈلەپ كېلەتتى، شۇ چاغلاردا مەيلى كىشىلىك تۇرمۇش توغرۇلۇق پاراڭ ياكى كىنو، رومانلارغا باھا بېرىشلەر بولسۇن، ھامان ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى پۈتۈشۈۋالغاندەك بىر يەردىن چىقاتتى، ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك بىر خىل خۇشاللىق ھېس قىلىشاتتى. ئۇلارمۇ ئورتاق ئارزۇ ـ ئىستەككە ئىگە سانسىز ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئوخشاش يېرىم كېچىلەردە بىر-بىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتاتتى. ئۇ ھامان ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ قوياتتى. سۈپسۈزۈك ئاي نۇرىدا بىر-بىرىگە قاراپ قىيسايغان ئىككى سايە ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيى چەت-چۆرىسى يېشىل سىردا سىرلانغان ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قاشا بىلەن قورشالغان چوڭ بىر ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئاي نۇرىدا بۇ قاشا خۇددى نەيزە تۇتۇپ قاتار تىزىلغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەردەك ھەيۋەتلىك پارقىراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئۇلار خۇشاللىق بىلەن قايتىپ كەلگىنىدە، چاخسا تاقىلىپ كەتكەن بولاتتى، ئۇنىڭغا چاخسىنىڭ تاقىقىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئىككى پۇتىنى قاتتىق تىرەپ ـ دەسسەپ ئارتىلىپ چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار ھەمىشە تاقالغان چاخسىنىڭ يېنىدا تېخىمۇ خاتىرجەم ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يەنە بىر ھازا مۇڭدىشىۋالاتتى. ئاندىن كېيىن يىگىت ئۇنى يۆلەپ ـ كۆتۈرۈپ، ئاۋايلاپ قاشادىن ئارتىلدۇراتتى، ئۇ بولسا پىشىپ ساپىقىدىن ئايرىلغان ئالمىدەك سەكرەپ ھويلىنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالاتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ زىلۋا گەۋدىسى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۆيىگە كىرىدىغان كارىدورنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن غايىب بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىسسىقتىقىنچە قاشانىڭ يېنىدىن ئايرىلاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، كىنودىن تارقىغاندا سائەت ئون بىردىن ئاشقانىدى. ئۇ بىر پارچە دوكلات ماتېرىيالىنى تېخى رەتلەپ بولالمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويالمىدى. قىزچاق ئۆيىگە يالغۇز قايتتى، كەچكى غۇر ـ غۇر شامالدا دۈگدىيىپ مېڭىپ كەلگەچكە يول ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى. بولۇپمۇ ئىشىك ئالدىدىكى قاشادىن ئارتىلىپ چۈشكۈچە، ئۇ خېلىلا ھەرەج تارتتى، ئەمما يەنىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغىلى قىل

قالدى. شۇنىڭ بىلەنلا ئۇ رەنجىپ ئۇنى رەھىمسىز ھېسابلىدى. ئۇنىڭ قىز دوستلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ: «توي قىلماي تۇرۇپ مۇنداق ئېتىبارىڭنى قىلمىسا، توينى قىلىۋالغاندىن كېيىن، ساڭا تېخىمۇ كۆيۈنمەي دىلىڭنى ئاغرىتىدۇ» — دېيىشتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يىگىتنى بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا، دائىم ئۇنىڭدىن دىتىغا ياقمايدىغان بىر مۇنچە نۇقسانلارنى تاپىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بىللە چۈشكەن ھەممە سۈرەتلىرىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ، ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى جەملەپ، بىر پارچە قىسقا خەت بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا ئەۋەتتى.

ئۇ كىچىككىنە بۇ پوسۇلكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ھاڭتاڭ قالدى. دەررۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ھالەتتىمۇ كەينى ئوچۇق قىلىش لازىملىقىنى قەيت قىلىپ يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خېتى قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك جىمىقىپلا كەتتى. ئۇ ھەر ئاخشىمى ئاشۇ قاشانىڭ يېنىدىن چۆگۈلەپ كېتەلمەي، «كۆتۈرۈلدى تولۇن ئاي» مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ ئىسقىرتاتتى ۋە ئۇنىڭ سايىسىنى دېرىزىدىن كۆرەتتى، لېكىن ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئۇنى تەسىرلەندۈردى، ئۇلار ئۇچراشتى.

— زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— چۈنكى سەن شەخسىيەتچى ئىكەنسەن.

— بۇندىن كېيىن يولدا قەتئىي يالغۇز قويماي.

— كېچىكتىڭ، باشقا بىر يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ۋە يۈگۈرگەن پېتى قاشانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، چاخسا جالاقىدە قۇلۇپلىنىپ قالدى.

— توفى! — دېدى ئۇ قاشاغا تۈكۈرۈپ. قىزچاق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ بايىقى سوغۇق كۈلگەن چاغدىكى تەلەتى ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولۇپ قالدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يىگىت قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئاغىنىلىرى قايتۇرۇۋەرمەسلىككە ئۈندەپ، ئۇنى خاپىلىقتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن تانسىغا ئېلىپ باردى. شۇ ئاخشىمى ئۇ تانسىدا گويا ھاۋادا لەپىلدەپ ئۇچقاندەك تانسا ئوينايدىغان، ئاجايىپ يېقىملىق، يان تەرەپىدىن قارىغاندىمۇ قالتىس جىلۋىدار بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبى بىرلا جىژىش ئۇردى-دە، ئۇنى تانسىغا تارتىپ راسا بىر قەپەس چۆگۈلەپ ئوينىدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بۇ قىز بىلەن پۈتۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان قىزچاق تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى شۇنچە كۆپ يېسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

ئۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ھەر ھالدا پۇخادىن چىققاندەك بولدى-يۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە يەنە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ توي قىلىۋالغانلىقى خەۋىرى تارقالدى. ئۇنىڭ

كۆڭلىدىكى ھېلىقى ئىچ ئاغرىتىشمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. لېكىن ئۇنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى تازا كۆڭۈللۈك بولمىدى. بالا-چاقىلىق بولغاندىن كېيىن جېدەل-ماجىرالار تېخىمۇ كۆپەيدى، جېدەل-ماجىرالار كۆپىنچە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاشۇ مەشۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھەر قېتىم كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى پۇشايمان بىلەن پۇچۇلاتتى: ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدار كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا قاشادىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئالغان بولسام، ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى كۈتكەن بولسام، كېيىنكى ئەھۋال قانداق بولاتتىكىن-ھە؟...

ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىگە تەكشى ئاق سانجىپ قالدى، ئوغۇل-قىزلىرىمۇ چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئايالى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى ئايرىم ياشاپ كەلمەكتە ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئۇنىڭ تۇل قالغىنىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلىدە بىردىنىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئۇ يان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ نۇرغۇن ئارىسالدىلىقلاردىن كېيىن ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئەلەڭ-سەلەڭ قەدەملىرى بىلەن قاشانىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى.

ئۇ، ئاق سانجىپ كۆكۈش رەڭگە كىرگەن چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئېڭىكلىپ-مۈكچىيىپ كۆمۈر كومۇلاچلىرىنى 3-4 تىن تىزىپ كۆتۈرۈپ ھويلىدىن كارىدورغا توشۇۋاتاتتى.

ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى بىر-ئىككى غۇلاچلا بولسىمۇ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە قارىمىدى.

ئۇ سىرلىرى كۆچۈپ كەتكەن قاشاغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا يۈرىكىدىن چىقىرىپ: «ھەي، بىز ئەلىدە مۇنداق زەردىگۈش بولۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدىغۇ» دېگۈسى كەلدى-يۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى قاشانىڭ يېرىلغان ياغاچ تۈۋرۈكىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشكەندە، 30 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ياغاچنىڭ تېخىچە چىرىمىگەنلىكى، تۆۋى تاش-سېمونتلار بىلەن چوڭقۇر كۆمۈلگەن ھالدا قىمىر قىلماي تۇرغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا كەينىگە يېنىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈن-تىنسىزلا كېتىپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ئېغىر ۋە سۇس تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن روھىي ھالىتى خۇددى كىشىلىك دۇنياسىدا مۇھىم بىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك شۇ قەدەر تەمكىن ئىدىكى، ئاشۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت، جەبىر-جاپالار ۋە غايەت زور چىدامىلارنىڭ ھەممىۋاسى تىنچ-خاتىرجەملىك ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. بۇ خىل تىنچ-خاتىرجەملىك گويا تېپتىنچ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۈپسۈزۈك سۇغىلا ئوخشايتتى.

نەئىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

# ئويلىنىش ۋە ئىلگىرىلەش — دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى

مۇھەممەت پولات

راست، بىز قالتىس بىر خاسىيەتلىك زېمىندا ئالەمگە كۆز ئاچتۇق. ئانا يېھىردەك ئوتلۇق بۇ ئەزىز تۇپراق بىزنى ئۆزىنىڭ ھارارەتلىك باغرىدا بېسىپ چوڭ قىلدى. لېكىن بىز بۇ ئۇلۇغۋار ئانا ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان ۋە پەرزەنت سۈپىتىدىكى ۋىجدانىي قەرزىمىزنى تولۇق ئادا قىلالمىدۇق. باشقا خەلقلەر ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدا پەرۋاز قىلىپ، ھېكمەت ۋە مۆجىزىلەر دۇنياسىغا قەدەم قويۇپ، ئالەم ۋە ھاياتنىڭ تېخى ئايان بولمىغان يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كەشپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى-ئەقلىي قۇدرىتىنى يېڭىدىن - يېڭى شان - شەرەپلەر بىلەن نامايان قىلىۋاتىدۇ. بىز بولساق تا ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەر دائىرىسىدىن چىقالماي، ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي مىراسلارنىڭ شان - شەرىپى بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللىي بېرىپ، ئىپتىخارلىق مەستخۇشلۇقى ئىچىدە چۈشەپ تۇرۇۋاتىمىز. بىزنى تېخىچە دۇنيا بىلمەيدۇ، بىزمۇ تېخى دۇنيانى تولۇقى بىلەن بىلىپ يەتكىنىمىز يوق. ئۆز تارىخىدا شۇنچە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى رىقابەت ئالدىدا ياشاۋاتقان قەدىمىي بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ھەقىقەتەن بىر پاجىئە!

ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارى بىلەن جامائەتچىلىكىنىڭ نەزىرىگە چۈشۈشكە باشلىغان يازغۇچى ياسىن مۇخپۇل «تەكىرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق ئىككىنچى سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىشخانىدىكى سۆھبەت» ھېكايىسىدە دەل مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە يەنى، بىزنىڭ تەقدىر ۋە ئىستىقبالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئۈستىدە بەدىئىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھېكايىدە ھايات سەرگۈزەشتىسى بەكمۇ مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولغان، ھايات ھادىسىلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتى ئالاھىدە نۇقتىدىن چۈشىنىدىغان ئۆزگىچە بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى غەلىتە، پىكىر ۋە مۇھاكىمىلىرى كۈلكىلىك، تۇرمۇش ئادەتلىرى قوپال ۋە يېقىمسىز، لېكىن ئۇ، ئۆزى يولۇققان ھايات ھادىسىلىرىدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشنى بىلىدىغان پاراسەتلىك ئادەم. ئاپتور مانا شۇ ئادەمنىڭ كۆزى ۋە پىكرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى تىپىك ۋە ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈشلەردە تەسۋىرلەپ، ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىنى تۇرمۇشىمىزدىكى بىرەر ماھىيەتلىك

ھادىسىگە باغلاپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

ئاپتور ھېكايىسىنىڭ بېشىدا ئۆز پېرسوناژىنى كۆپىنچە غەلىتە، كۈلكىلىك ھالەتلەردە كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئۇ ئىشخانىدا دەسلەپ تەھرىر بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ. مۇشۇنداق نامدار شەخس بىلەن تونۇشقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا شۇنچە پەخىرلىنىپ سۆزلىگىنى ھالدا ئۇنىڭ مۇئەللىپىنىڭ نامىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي كۈلكىگە قالىدۇ. ئۇ زىۋان ۋە قەلەم ھەققى ئۈچۈن يازغۇچى بولۇش خىيالىغا كېلىپ، ئۆزىنى مۇشەققەت ۋە خورلۇق بىلەن قىينايدۇ. چوڭ بىر ئەرباب بىلەن ئۇچراپ تىلەشكەنلىكىنى پەش قىلىپ رەقىبلىرىنى تاڭ قالدۇرۇش غەرىزىدە تەھرىرنى ھاراققا تەكلىپ قىلىپ ئۇرۇۋالىدۇ. ئاپتور نېمىشقا ئۆز پېرسوناژىنى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىگە قارشى ھالدا مۇشۇنداق ئاتىرىك كۆز يېتىشلەردە، ھاماقەت ۋە كەم ئەقىللىق ھالەتلەردە تەسۋىرلەيدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇش ھاياتىمىزدىكى بولمىغۇر ھادىسىلەر بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ساختىلىقلارغا، بىزنىڭ ئەخلاقىي سۈپەت ۋە مەنىۋى قىياپىتىمىزدىكى خۇنۇكلۇكلەر بىلەن روھىي دۇنياسى بۇلغانغان رەزىل كىشىلەرگە بولغان نەپرەت ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز پېرسوناژىنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تېخىمۇ كەڭ رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا، ھاياتىي دەلىللىك ۋە ئىجتىمائىي قاراتمىلىققا ئىگە قىلىدۇ. كىتابخان ھېكايىلىرىنىڭ بۇ سەھىپىلىرىنى ئوقۇۋېتىپ تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-ۋاتقان مەنىۋىيىتى خۇنۇك كىشىلەرنى يەنى بىرەر نامدار شەخسنىڭ كىچىككىنە مەرھەمىتىگە نائىل بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى باشقىچە ھېس قىلىپ، ئامەت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا بېشى كۆككە يەتكىدەك بىچارە ئەخمەقلەرنى، باشقىلار-نىڭ تەييار پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش يولى بىلەن جان باقىدىغان، چالا - پۇچۇق كۆرۈپ قالغان بىرەر پارچە كىتاب ياكى يېرىم - ياتا ئاڭلاپ قالغان بىرەر ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان ساۋاتسىز مەمەدا-نىلارنى، پۇل ۋە مەرتىۋە ھەلەكچىلىكى بىلەن يېزىقچىلىقنى كەسىپ قىلىپ، ئىنسان ئەقىل - پىكرىنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ ئالىيجاناب سەمەرىسى بولغان بۇ مۇقەددەس نەرسىنى بېيىش ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ پەلەمپىيى قىلىپ بۇزغان ئەدەبىي بىدىكلەرنى ئورۇن ۋە مەرتىۋىسى بىلەن نەزەرگە چۈشكەن بىرەر نوپۇزلۇق شەخس بىلەن بولغان چالا - پۇچۇق تونۇشلۇقى ئۈچۈن قىنىغا سىغماي يۈرگەن، ئۇنىڭ نام - شەرىپى بىلەن باشقىلارنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەقسەت ۋە مۇددىئاسىغا يول ئېچىش ئۈچۈن تىنىمسىز شاپاشلاپ ھالىدىن كېتىۋاتقان يىرگى-نىشلىك ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ۋۇجۇدىدا ئىززەت ۋە نومۇستىن ئەسەر بولمىغان بۇ ئادەملەردىن خۇددى ئاپتورغا ئوخشاشلا نەپرەتلىنىدۇ.

ھېكايىنىڭ، پېرسوناژنىڭ كاشال لەقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۆلۈمىدىن باشلاپ، ئەسەرنىڭ يۇمۇرلۇق ۋەزنى پەسىيىپ، ھېكايە ۋەقەلىكى بىردىن جىددىي ۋە كەسكىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆچىدۇ. پېرسوناژ خاراكتېرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىپ، كىتابخانغا دەسلەپ ھاماقەت ۋە گېجىك بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ ئادەم ئاستا - ئاستا ئەقىللىق، راستچىل، ناھايىتى كۆڭۈلچەك ئادالەت تۇيغۇسىغا ئىگە پاك بىر ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ جىددىي، لېكىن قىزىقارلىق ھېكايىسى كىتابخاننى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئازابلىق ھايات سەرگۈزەشتىسى بىلەن، باي ۋە ھەسرەتلىك روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇ بالىلىقىدا يەتىمچە جاپا چەككەن، پەقەت دەۋرنىڭ يارىدىمى ۋە تەربىيىسىدە ھايات يولىغا ئېرىشكەن ھالال ۋە ئاقكۆڭۈل بىر ئادەم. ئۇنىڭ قەلبى ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ياخشىلىق كۆرسىتىش تۇيغۇسى بىلەن تولغان. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك پاك ۋە ھالاللىقىغا قارىماي، بىرەر قېتىممۇ ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ ھىممەت ۋە غەمخورلۇقى بىلەن ياغچىلىق ئىشخانىسىدىن مەكتەپنىڭ كاسسىرلىقىغا ئالماشقان جۇۋازچىنىڭ چىقىمچىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئامەت ۋە خۇشاللىقى تۈگەيدۇ. ئۆز ھاياتىنىڭ مەنا ۋە لەززىتىنى پەسلىك ۋە رەزىللىكتە ھېس قىلىدىغان بۇ ئادەم، چىقىمچى ۋە تەخسىكەشلەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان پاراسەتسىز ھاكىم بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى يەتكىنچە ئازابلايدۇ. كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان بۇ پالاكەت ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئۇنىڭ ئىرادە ۋە خاراكتېرىنى سۇندۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنى ھاياتتىكى ئارتۇقچە ئادەمگە، ئادالەت ۋە ھىمايىگە تەشنا بولغان دەردمەن ۋە بىچارە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇ يەردە تېخىمۇ ئاجايىبكى، ئۆمۈر بويى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى-قانائەت قىلىپ، ھېچكىمگە يامانلىق ۋە كېلىشمەسلىكنى راۋا كۆرمەي، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەن مۇشۇنداق بىر ئادەمنى نابۇت قىلغان ھېلىقى جۇۋازچى تەشكىلىي ئەيىبلەش بىلەن قارىلىنىپ، ئەخلاقىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ھاياتى، تەشكىلىي تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كىتابخان ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويماي تۇرالمايدۇ. نېمىشقا بىزنىڭ تۈزۈمىمىزدە ناپاكلىق، ئىنسابسىزلىق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ بازىرى بۇنچىلىك ئىتتىك؟ نېمىشقا پاك، ھالال ئادەملەر بۇنچىلىك خارۇ، ھىيلىگەر ۋە قارا نىيەت ئادەملەر بۇنچىلىك ئەزىز؟ بىز ئۆمۈر بويى ئىنتىلىپ ۋە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھاياتىي ئادالەت، ئەخلاقىي پاكلىق، رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنى دەپنە قىلىشقا قادىر بولغان مەنىۋى جۈرئەت دېگەنلەر قېنى؟ ياق، بۇلار ئەسلىدە بىزنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىمىز بىلەنلا ۋۇجۇدىمىزغا پۈتۈلگەن، قەدىمىي تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ئەنئەنىۋى پەزىلەتلىرىمىز ئىدى.

لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىز بۇلغىنىپ، ئەپسانىيە تېچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ۋەسۋەسىسى بىزدىن غالىب كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەخلاقىي ۋەزنىمىز بىلەن كىشىلىك شەخسىيىتىمىز بارغانچە پەسىيىپ، بىزنىڭ غورۇر ۋە ئىپتىخارىمىز بولۇپ كېلىۋاتقان پارلاق ئەنئەنىلىرىمىز ئاچكۆزلۈك ۋە ئەپسانىيە تىلەك تۇزاقلىرى ئاستىدا بېسىلىپ قالدى. بۇ دەل بىزنىڭ ھازىرقى مەنىۋى ئاجىزلىق بىلەن ئەخلاقىي زەئىپلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان نامرات روھىي دۇنيارىمىزنىڭ مەنىۋى ئاساسى. ھېلىھەمدەك ھاياتىي ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زېمىنى، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىجتىمائىي پاجىئەنىڭ ئەخلاقىي يىلتىزىدۇر. قاچانكى بىز مەنىۋى تەرەپتىن ئۇزۇل - كېسىل پاكلىنىپ، ھايات ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ياندىشىپ، ئۆزىمىزنى يېڭىچە بىر ئەخلاق ۋە ئىرادە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، مەنىۋىيىتىمىزنى بۇلغاپ كېلىۋاتقان ھېلىھەمدەك نومۇسسىز سوپىلاردىن، يەپ تويماس نەپسى بالا شاگىچاك-لاردىن، ئىغۋاگەر، چېقىمچى جۇۋازچىلاردىن، ئىچى بوش پاراسەتسىز ھاكىملاردىن قۇتۇلمىساق بىزنىڭ شانلىق ئەنئەنىمىز بىلەن قەدىمىي مەدەنىيىتىمىز قايتا پار-لىمايدۇ، ھاياتىي كېلەچىكىمىز يېڭىچە چىراي بىلەن نۇرلانمايدۇ. بىز يەنىلا ئۆزى-مىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تۇزۇكرەك بىلەلمەي قالىۋېرىمىز. مانا بۇ ئاپتورنىڭ كىتابخان-غا يەتكۈزمەكچى بولغان بەدىئىي پىكرى، ھېكايىنىڭ بىزنى يېڭىدىن - يېڭى مۇھاكىمىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدىغان بەدىئىي يېشىمىدۇر.

بىز ئۆتكەندە «تەگرىتاغ» سەھىپىلىرىدىن سەۋەب ۋە نەتىجە مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ، دېگەندەك ئايرىملىق ۋە ئۆزگىچىلىكتىن خالى ئورتاق ھادىسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان ئادەتتىكى ئومۇمىي مەنزىرىسى يورۇتۇلغان بوش ۋە ھارارەتسىز ئەسەرلەرنى خېلى ئوقۇغانىدۇق. بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ ھېكايە ئۇ ئەسەرلەردىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى، يورۇتۇپ بەرگەن بەدىئىي پىكرىنىڭ جىددىي ۋە ئەھمىيەتلىكى، رېئاللىققا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كەڭ ۋە دەللىلىكى، ۋەقە-لىرىنىڭ تېپىك ۋە ھاياتىيلىقى، مۇھاكىمىلىرىنىڭ جانلىق ۋە قىزىقارلىقلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە يىغىنچاقلىقى بىلەن كىتابخانغا پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي ئەسەر سۈپىتىدە تەسىر قىلىدۇ؛ ھېكايە باشتىن - ئاخىر جىددىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، لېكىن بۇ تەنقىد جەمئىيەتنىڭ بىرەر تەرىپىگە، ھاياتىمىزدىكى بىرەر ئوبيېكتىپ ۋەقە - ھادىسىگە، ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزدىكى بىرەر قاتلام ياكى بىرەر تەبىقىگە قارىتىلغان بولماستىن، ئەكسىچە تۈپتوغرا مىللىي ئەخلاقىي ھالىتىمىز بىلەن مىللىي روھ ۋە مىللىي ئېڭىمىزغا قارىتىلغان. ھېكايىدە بەدىئىي تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغان ئۇ بىر قاتار مەسىلىلەر مەنىۋىيىتىمىزدە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئورتاق ئىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان بىزنىڭ

كۆزەللىك ۋە ئىزگۈلۈك تۇيغۇلىرىمىزنى، پىكىر ۋە تەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەنئەنە ۋە رېئاللىقىمىز ھەققىدە ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ئويلىشىپ يېڭى ھاياتنى پەلسەپىۋى ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى مەنىۋى دۇنيايىمىزنى يارىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن ماختىنىپ، ھازىرقى ھالىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈۋەردۇق. ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، بىكىنمىچىلىك، ئارقىچە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىزنىڭ ئايىغىمىزنى چۇشەپ قويدى. نەتىجىدە بىزدىن شۇنچە ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن ناھايىتى كەڭ ئىجادىي ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشىغا قارىماي، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىنسانىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىرەر ئەقلىي سادا چىقمىدى. ھېچقايسىمىز كىشىلىك خاراكتېرىگە تەئەللۇق بولغان مۇنداق بىر دىئالوگنى ئوقۇيمىز: «كەچۈرۈڭ دوكا... بىرلىمسا مەدەنىيەت دېگەننى بىزمۇ بىلىمىز. ئەمما شارائىتىمىز يوق. ئەسلى بىز قالتىس مەدەنىيەتلىك مىللەت. مەسىلەن، ئالايلۇق، دۇنيادا قايسى مىللەتنىڭ ئون ئىككى مۇقامىدەك بۈيۈك مۇزىكا قامۇسى بار؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» چۇ؟ جاھانغا مەشھۇر ئەسەر ئۇ، رادىئو، گېزىت، ژۇرناللاردا نەچچە يىل تەشۋىق قىلىشتىمغۇ. يەنە ھېلىقى...ھە، «قۇتادغۇبىلىك»، ئاپتورى كىمتى؟ تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ...ھە، توغرا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، مانا قاراڭ، بىزنىڭ پىرسوناژىمىز «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەقلىي چۈشەنچە دائىرىسىدە بىلمەيدۇ - يۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرنىڭ شان - شۆھرىتى بىلەن ماختىنىدۇ. شۇڭا قارىغاندا ئۇ، ئەسەرنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئەقلىيىدە تۇتقان مەنىۋى - ئەخلاقىي سالمىقىنى بىلىشى ياكى ھېس قىلالىشى ناتايىن. دېمەك ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى ماختىنىش ۋە ئىپتىخارلىقى ئاساسسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي مىللىي ئادەت كۈچىدىن بولغان. بۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە! ئېنىقكى مۇشۇنداق تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ دۇنياغا نەزەر سېلىشى، باشقا خەلقلەردىن ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ئىلمىي ۋە ئىجادىي مۇھاكىمە قىلالىشى، ھايات تەرەققىياتىنى رىقابەت ئېڭى يۈكسەكلىكىدە كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە مەنىۋى ئالىمىنى يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس.

توغرا، ئۆزىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى ۋە پارلاق مىراسلىرى بىلەن ماختىنىش ئومۇمىي مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ، مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭنىڭ بىر قىسمى. لېكىن مۇنداق ماختىنىش ئىلمىي ۋە ئاڭلىق چۈشەنچە ئاساسىدا شەكىللەننىشى، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى، بىزنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇرىمىز بىلەن ئىجادىي ئاكتىپچانلىقىمىزنى ياساندىغان مەنىۋى يۆلەك بولۇپ قالالىشى كېرەك. مىللىي ئەنئەنە ئۈستىدىكى ھەر قانداق غۇرۇر ۋە ماختىنىش پەقەت شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىشىغا، ئۇنىڭ ئىنسان ئەقىل - پىكرىنىڭ

يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئەمەلىي تۈرتكە، مەنىۋى ئىلھام بولالىغاندىلا ئاندىن ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. ھازىر بىز بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىمىز؟ باشقىسىنى قويۇپ، بىز دائىم پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدىغان ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئالايلى، بىزنىڭ قايسىبىر ئەسىرىمىز مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، جاھان ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ ئومۇمىي دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى؟ بىزنىڭ قايسىبىر ئىجادىيىتىمىز ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى مىللىي روھ ۋە مىللىي ئېڭىمىزنىڭ مۇكەممەل ئوبرازلىق ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىدە مۇناسىپ مەنىۋى ئوزۇق بولالىدى؟ بىزنىڭ قايسىبىر يازغۇچىمىز بىزنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنيايىمىزنى بىز تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى ئىجادىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ، بىزنىڭ ھايات ھەققىدە يېڭى ئەقلىي چۈشەنچىمىزنى يېڭى بىر مەنىۋى پەللىگە كۆتۈرەلىدى؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۆز - ئۆزىدىن ئېنىقكى، بىزنىڭ بىرەر ئەسىرىمىزمۇ، بىرەر يازغۇچى، شائىرىمىزمۇ تېخى بۇنداق شان - شەرەپ چوققىسىغا كۆتۈرۈلگىنى يوق. لېكىن بىز مۇشۇنداق ئەمەلىي پاكىتلار ئالدىدىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالىنى ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش زۆرۈرلۈكىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىدۇق. ئەكسىچە بىز ئۆزىمىزنى يەنىلا قالتىس ھېسابلاپ، ياراتقان ۋە ئېرىشكەن ئاز - تولا نەرسىلىرىمىز بىلەن ماختىنىپ: بىزدە مۇنچە رومان نەشر قىلىندى، مۇنچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى، دەپ ئۆز - ئۆزىمىزنى بېزەلەپ كەلدۇق. ۋەھالەنكى، بىز بۇ رومانلاردا قانچىلىك بەدىئىي - ئىستېتىك قىممەت يارىتىلغانلىقىنى، بۇ مۇكاپاتلارنىڭ كىتابخانلار ئىچىدە قانچىلىك نوپۇز ۋە ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرمىدۇق. مەلۇمكى نەشر قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بەدىئىي ئەدەبىيات بولۇۋەرمىگىنىدەك، ئېرىشىلگەن مۇكاپاتلارنىڭ ھەممىسىمۇ جاپالىق ئىجادىي ئەمگەكنىڭ شان - شەرىپى بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئەقىل ۋىجدانىمىزنى بوغۇپ كەلگەن نەپسانىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ۋەسۋەسىسى بىزنى شۇ دەرىجىدە پەسلەشتۈرۈۋەتتىكى، بىز خەلق تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە شان - شەرەپ دېگەن بۇ نەرسىلەرنى ھېچقانداق ئۇيات ۋە نومۇس ھېس قىلماي ئۆزئارا بۆلۈۋېلىش ۋە تەقسىم قىلىۋېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتۇق؛ قىسقىسى بىز ئۇلارنى شۇ دەرىجىدە ماختاپ ئۇچۇردۇقكى، ئاقىۋەتتە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادنىڭ ئۆگىنىپ، باھالىشىنىڭ، ۋاقىت ۋە تارىخنىڭ ئۇنى كۆزىتىش ۋە سىنىشىنىڭ ھېچقانداق ئورۇن ۋە ئىمكانىيىتى قالمىدى. ماختاش ۋە ماختىنىش ئەسەبىيلىكى بىزنى مۇشۇنداق مەنىۋى زەئىپلىك ۋە ئەخلاقىي تۆۋەنلىك دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

«ئىشخانىدىكى سۆھبەت» ھېكايىسى بىزنىڭ يۇقىرىدىكى قاتمال روھىي

ھالىتىمىزگە، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىي - تارىخىي شەرىپىمىزنى خىرەلەشتۈرۈپ، كېلەچىكىمىزنى نۇرسىزلاندۇرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلىرىمىزگە نىسبەتەن جىددىي بەدىئىي سىگنال بەردى. ئۇ بىزنى ئويغىنىشقا، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىمىزنى بىلىش ۋە چۈشىنىشكە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولى ۋە ئەنئەنىسىگە ۋىجدانەن ۋارىسلىق قىلىپ، مەنىۋى تەرەپتىن ھەقىقىي تولۇق پاكلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ھېكايە مانا مۇشۇنداق پەزىلەتلىرى بىلەن بىز ئۈچۈن يېقىن ۋە قىممەتلىكتۇر.

ئاخىرىدا مەن ھېكايىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بىر مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي: بەزى يولداشلار ماڭا بۇ ھېكايىنىڭ ئىپادە قىلىش شەكلى ۋە بايان پورمىسى يېقىندىن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ھېكايىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەنمۇ بۇ يېقىنلىقنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدىم، بۇ ھەقىقىي تەسىرلىنىشنىڭ مەھسۇلىمۇ ياكى ئاڭسىز ھالدىكى تاسادىپىي يېقىنلىشىپ قېلىشمۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. مۇبادا ئۇنى تەسىرلىنىش دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۇنداق تەسىرچانلىقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇبادا ئاپتور ئەنە شۇ تەسىرلىنىشنىڭ قوزغىشى ۋە روھلاندۇرۇشى بىلەن ئۆزىگە خاس يېڭى ئىجادىي نەرسىنى يارىتىپ، يېڭى بەدىئىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك ئەدەبىي ئىختىرا ھېسابلىنىدۇ.

ۋاقتى كەلگەندە ئىككى سازەندە بىر دۇتاردا ساز قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئورۇنلىشىنى ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان پەدە ۋە كۈيدىن ئىبارەت بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا ھەقىقىي سازەندە دېمەي بولمايدۇ. شۇڭا مەن بۇ يېقىنلىقنى ھېكايىنىڭ يېتەرسىزلىكى دەپ قارىمىدىم.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «ئىشخانىدىكى سۆھبەت» ھېكايىسى ھەققىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىم. ئەسلى بۇ ھېكايىنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەپسۇسكى مېنىڭ ئىپادە قىلىپ بېرەلىگەنلىرىم بەكمۇ ئاز ۋە يۈزە بولدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەن ئاپتورنىڭ ئىجادىي ئىزلىنىش روھىغا بولغان سۆيۈنۈشۈم تۈپەيلىدىن بۇ پىكىرلىرىمنى يەنىلا كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ كۆرۈش قارارىغا كەلدىم.

******

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ مەملىكىتىمىزنىڭ خۇيزۇ ئايال يازغۇچىسى خودانىڭ «مۇسۇلماننىڭ نەزرى» ناملىق رومانى 1990 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە بولغان قىسقا ئارىلىقتىلا ئارقا - ئارقىدىن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا، بېيجىڭ شەھەرلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە مۇكاپات ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە ئىنگلىز، فرانسۇز، ئەرەب، ئوردۇ، بېنگال قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ چەت ئەللەردە نەشر قىلىندى. تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ «دۇنيا نەزەرىيە گېزىتى»مۇ 1992 - يىلى پۈتۈن بىر يىللىق ئىستونىنى بۇ ئەسەرگە بېغىشلىغان.

(پولات ھېۋزۇللا)

## ۋائىت دەۋرى ئاخىرلاشقىنى يوق

يېقىندا خۇادۇڭ سىفەن داشۆسىدە، خۇادۇڭ سىفەن داشۆ ئاۋستىرالىيە تەتقىقاتى مەركىزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ۋائىت ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىندا ئاۋستىرالىيە ئەدەبىيات پېشىۋاسى ۋائىتنىڭ ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە ئۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئاۋستىرالىيىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر مۇنار — ۋائىت بىر دەۋر «ۋائىت دەۋرى»گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ۋائىت ئۆزىنىڭ خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنىڭ «فائۇس»، «مەيدىكى مېھمان»، «مۇستەھكەم مانتولوپ» قاتارلىق ئۈچ رومانى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىدى ھەم باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋائىتچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ۋائىت «ۋائىت ئىجادىيەت ئېقىمى» دېگەن ئىبارەت بىر ئەدەبىي ئېقىمنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئېقىم تىياتىر، شېئىر، ناخشا قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيدى. 1973 - يىلى ۋائىتنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ئاۋستىرالىيىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. بىر يىل بۇرۇن ۋائىت ۋاپات بولدى. لېكىن ۋائىت دەۋرى ئاخىرلاشقىنى يوق. ۋائىتنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئاۋستىرالىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

△ ئانىنا كارىنىنانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى توغرىسىدىكى يېڭى كۆزقاراش: ياڭ ئېنسۇڭنىڭ بۇ يىلقى «غەربىي جەنۇبىي مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بەزىلەر ئانىنا پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب يۇقىرى قاتلام جەمئىيەت ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدىن بولغان دېيىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي يوق ئەمەس، لېكىن بۇ زىيانكەشلىك ئانىنانىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ ئۇنىڭ تونۇشى ئارقىلىق رول ئوينىغانلىقىغا سەل قارالغان. ئۇ يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتىن قوغلىنىش بىلەنلا ئۆزىدىن سىزلەنگەن. ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى، قىممەت كۆزقارىشى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ بىردەكلىكى، ئۇنىڭغا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋورونسكىنىڭ ئانىناغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن زېرىكىشى ئانىنا پاجىئەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تاشقى سەۋەب. ناۋادا ۋورونسكى ئانىناغا سادىق بولغان تەقدىردە، ئانىنانىڭ كۈتكىنىدەك ئاقىۋەت بولامتى؟ لېكىن تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە ئىنتايىن ئاز توختالدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە، ئانىنا قاتتىق كاللا قاتۇرىدۇ. ئۇ ئاخىرى ئۆزى ۋە ۋورونسكىدىن ئىبارەت قاتمۇ - قات زەربىلەر ئاستىدا قالغان بۇ ئىككى ئاقسۆڭەك ئەر - ئاياللىك ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدە ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. مانا بۇ ئانىنانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر سەۋەب. ئانىنانىڭ ئوبرازىدا تولستوينىڭ ھېسسىيات كەچۈرمىشلىرى يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئالغاندا يازغۇچى ئانىنا ئارقىلىق ئۆزىنى مەلۇم دەرىجىدە ئوپېراتسىيە قىلغان ھەمدە تولستوينىڭ جەمئىيەت ۋە ئىنسان ماھىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئىسەنگىرەش ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرى مۇجەسسەملەنگەن

(خەلچەم ئىمىن تەرجىمىسى)



گەر ئۇلارنىڭ يارىكنى ئاڭلىساڭ .
ئۆتنۆلغان كۆپ ئىشلار بولار نامايان .



قوياش ئولتۇرماقتا دېھقان بىلەن تەڭ
ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى



گۆگۈم تەخلىقى ۋە ئوغلاق
ئەنۋەر ئابدىلىم فوتوسى




《天尔塔格》文学双月刊 Tangritag Two Monthly Literature Journal In Uygur Language

1992年第4期

«تەڭرىتاغ»

1992 ـ يىل 4 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地 址：乌鲁木齐市新华南路16号

电 话：218897邮政编码：830002

印 刷：新疆科技卫生出版社印刷厂

国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）

国内统一刊号CN 65－1012／1

邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس : ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

تېلېفون : 218897 پوچتا نومۇرى : 830002

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى

باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

( 782 ـ خەت ساندۇقى )

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 83 ـ 58

零 售 价：1.20元

پارچە سېتىلىشى : 1.20 يۈەن